ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

# ئاجەل



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر **ئاچىل**

لۇتپۇللا مۇتەللىپ **يىللارغا جاۋاب**

نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامى **ئالدىدا**

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر **ئۆمۈر مەنزىللىرى**

تېيىپجان ئېلىيېۋ **تۈگىمەس ناخشا**

مۇھەممەد رەھىم **جان تەسەددۇق**

مۇھەممەتجان راشىدىن **ئانا تاغلار**

بوغدا ئابدۇللا **قەدىمى يارغولدا كەچ كۈز**

روزى سايىت **ئانا تىلىم — زەر تىلىم**

ئوسمانجان ساۋۇت **زېمىن قەسىدىسى**

ISBN 978-7-228-11689-8

9 787228 116898 >

定价：12.00 元

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

# ئاچىل

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

绽开吧：维吾尔文/阿布都哈里克著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.5（2009.2 重印）
ISBN 978－7－228－11689－8

Ⅰ.绽… Ⅱ.阿… Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. Ⅰ227

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 081057 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 阿布都哈里克·维吾尔 |
| 编　　者 | 马合木提·再依地，马合木提·艾克拜尔，司马义·铁木尔，牙里坤·肉孜 |
| 责任编辑 | 巴力江·孜帕尔 |
| 责任校对 | 古丽夏尔·尼格买提 |
| 特约校对 | 阿依古丽·亚森 |
| 封面设计 | 艾克拜尔·沙力 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | 0991－2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷二厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 3.875 |
| 插　　页 | 4 |
| 版　　次 | 2008 年 7 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2009 年 2 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 5001—8000 册 |
| 定　　价 | 12.00 元 |

# نەشرىياتتىن

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1901 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تۇرپان شەھرىدە ئابدۇراخمان مەخسۇم ھاجى ئىسىملىك ئابرۇيلۇق سوددىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بىلەن ئۇچراشقان. 1916 ـ يىلى دادىسى مىجىت ھاجى بىلەن بىللە رۇسىيگە چىقىپ شەمەي شەھرىدە يىڭىچە مەكتەپتە ئوقۇغان. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ تۇرپان يېڭىشەھەردىكى شۇتاڭغا كىرىپ خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەنگەن. 1923 ـ يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇرپان ئاستانىلىك مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر زات، داڭلىق كارخانىچى، تەرەققىيپەرۋەر ئىنقىلابچى مەخسۇت مۇھىتى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىرىپ ئۈچ يىل تۇرۇپ كۆپلەپ بىلىم ئالغان ۋە نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. 1926 ـ يىلى يۇرتىغا قايتىپ كېلىپلا يېڭى مائارىپنى ۋە ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق مىللەتنى گۈللەندۇرۇش ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلغان. 1927 ـ يىلىغا كەلگەندە مەخسۇت مۇھىتى ۋە پىچانلىق ئىسكەندەر خوجا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە بىر مەرىپەت ئۇيۇشمىسى تەسىس قىلىپ، جەمئىيەتتىن ئىئانە توپلاپ پەننىي مەكتەپلەرنى ئاچقان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ يىللاردا بالدۇر ئويغانغان ئادەمگە خاس جاسارەت، مەرىپەتپەرۋەرگە خاس پاراسەت ۋە ئوت يۈرەك شائىرلارغا خاس مەسئۇلىيەت بىلەن نادانلىق ۋە زۇلۇم بىلەن تولغان ئىجتىمائىي قاباھەتكە قارشى كۈرەشنى باشلىغان. مۇشۇ يىللاردا ئۇ ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرىنى ۋە جەمئىيەت رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شېئىرلارنى يېزىپ مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغان، نادان خەلقنىڭ مەنىۋى ئىللەتلىرىنى قاتتىق قامچى-

لىغان . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى چوڭقۇر مەزمۇن، كۈچلۈك ئىسيانكارلىق روھ، يىراقنى كۆرەر نەزەر ۋە چاقىرىق كۈچىگە باي پىكىرلەر كەڭ خەلق ئاممىسىنى غەيرەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىشقا باشلىغان . ئۇنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاممىباب ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان «ئويغان»، «باردۇر»، «ئىستىمەس»، «ئايرىلمىغىل»، «ياز تۈنى»، «غەزەپ ۋە زار» قاتارلىق نادىر غەزەللىرى ئەنە شۇ يىللاردا يېزىلغان بولۇپ، شۇ دەۋردە خەلقنى نادانلىق، زۇلۇم ۋە قاششاقلىققا قارشى كۈرەشكە ئۈندەشتە مۇھىم رول ئوينىغان . شۇڭا، بۇ شېئىرلارغا نىسبەتەن تارىخىي نۇقتىدا تۇرۇپ توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىزغا ۋە مۇۋاپىق باھا بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ .

1931- يىلى قۇمۇلدا قوزغالغان خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى خەلق ئىنقىلابىنىڭ ئىلھامىدا 1932 - يىل 12 - ئايدا تۇرپاندا قوزغىلاڭ پارتلىغان . خەلقنىڭ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن، ھۆر ھاياتقا ئېرىشىشنى مۇقەددەس غايە قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ باشلامچىلىرى سۈپىتىدە قولىغا قورال ئېلىپ جەڭگە ئاتلانغان . بەختكە قارشى تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى بىلەن ئاق ئورۇس قوشۇنلىرىنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىدا زور تالاپەتكە ئۇچرىغان . شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەرھال قولغا ئېلىنغان .

بۇ ئوت يۈرەك شائىر 1933 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن بىر تۈركۈم سەپداشلىرى بىلەن بىللە 32 يېشىدا قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن .

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى ئېسىل شېئىرىي مىراسلىرى بىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ئۆچمەس مەنىۋى بايلىق . ئەۋلادلار 1980- يىللارغا كەلگەندە ئۇنىڭ شېئىرلىرى بىلەن «بۇلاق» مەجمۇئەسى ئارقىلىق كەڭ كۆلەمدە ئۇچراشتى . ئۇنىڭ تولۇق شېئىر توپلىمى كېيىنكى يىللاردا قايتا - قايتا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى .

بۇ توپلامغا شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرىي مىراسلىرى كىرگۈزۈلدى .

# مۇندەرىجە

ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبـ-
ياتىدىكى ئورنى ........................................ 1
ئۇيغۇر قىزى ........................................ 16
بەختىگۇل ........................................ 18
ئۈمىد تەبەسسۇمى ........................................ 20
يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلدى ........................................ 21
سېغىنىش ........................................ 22
ئويغان ........................................ 23
ئىنتىزارلىق ........................................ 25
باردۇر ........................................ 28
پەرزەنت ........................................ 30
خەير ، كۆرۈشەرمىز ........................................ 32
تۇرپان كېچىسى ........................................ 33
باھار چېچىكىدىن بىر تەسىر ........................................ 35
قايدىسەن ........................................ 37
قىل باھار ........................................ 38
بىر پەلەكنىڭ خەمكى ........................................ 40
پىغان ........................................ 43
ھار ........................................ 45
غەزەپ ۋە زار ........................................ 47
ئۈزۈلمەس ئۈمىد ........................................ 49
ئاچىل ........................................ 51

يەجۇج ـ مەجۇج ........ 53
غەيرىتىڭدىن ئايلىناي ........ 56
ياز تۈنى ........ 58
ئىشق ـ مۇھەببەت ........ 59
سالام خەت ........ 61
قاملاشمىدى ........ 63
دوستۇمغا خىتاب ........ 64
يېقىن بولدى ........ 65
نە قىلاي ........ 66
ھىجران ........ 67
مەرسىيە ........ 69
بىۋاپا ........ 72
ئۈمىد كەبەم ........ 74
روزى موللىغا ........ 76
ئىستىمەس ........ 78
كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس ........ 80
كۆڭۈل خاھىشى ........ 81
كۆردۈم ........ 82
ئارمان ........ 83
دەردى دەۋران ........ 85
پەيزى بار ........ 87
ئايلىناي ........ 88
چىراغ ........ 90
يامان بولدى ........ 91
بەر مەدەت ........ 92
ئىللە كىم كۈتە ........ 93
باغ ئارا سەيلە قىلىپ ........ 95
بەر جاۋاب ........ 96

مەرسىيە ........................................................ 97
رۇبائىي ۋە پارچىلار ............................................ 99
مۇرەببەلەر ..................................................... 105
ئارزۇ ـ ئارمىنىم مېنىڭ ........................................ 106
لەنەت ساڭا زالىملار ........................................... 107
مۇزلىدى ....................................................... 108
قىزىدى ........................................................ 110
ئىچ پۇشۇش .................................................... 112
بۇ كېچە ........................................................ 114
ئۆلۈم ئالدىدىكى خىتاب ........................................ 117



# ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى

تالانتلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئابدۇراخمان ئوغلى **1901**ـ
يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تۇرپان شەھرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە تۇـ
غۇلغان (ئابدۇخالىق ئۆز ئىسمى بولۇپ، «ئۇيغۇر»ئۇنىڭ تەخەللۇسى).
ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن مەرىپەتلىك ئائىلە ئىدى . ئاتىـ
سى (هازىر كۆپىنچە كىشىلىرىمىز «دادا» دەپ ئاتايدۇ) ۋە باشقا ئائىلە
ئەزالىرى ساۋاتلىق كىشىلەر بولغانلىقتىن، ئابدۇخالىق بەش يېشىدىلا
ساۋاتىنى چىقىرىۋالغان . ئون ئىككى ياشلارغا كەلگەندە دىنىي مەكتەپتە
ئوقۇپ، ئەرەب ـ پارس تىللىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن . شۇ مۇناسىـ
ۋەت بىلەن ئۇ كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا باشلىغان .

**1916** ـ يىلى دادىسى (ئەدەبىي تىلدا «بوۋا») مىجىت هاجى
سودىگەرچىلىك بىلەن رۇسىيىگە بارغاندا ئۇ بىللە بېرىپ، رۇسىيىنىڭ
شەمەي شەهرىدە رۇس تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەنگەن . ۋەتەنگە قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن يەنە تۇرپان يېڭىشەهەردىكى شۆتاڭغا كىرىپ خەنزۇ
تىل ـ يېزىقىنى ئۆگەنگەن ۋە بۇ مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتكۈزگەن .
(ئابدۇخالىق تۇرپاندىكى شۆتاڭدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، شۇ زامانىنىڭ
مەكتەپ قائىدىسىگە مۇۋاپىق هالدا ئۆزىگە «خاۋېنسەي» ‹哈文才›
دەپ ئىسىم قويغان . ) ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شۆتاڭدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلـ
لەردە ئىلىمىزنىڭ خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇپلا قالماي،
هازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىلەنمۇ تونۇشقان . ئۇ دوست ـ بۇرادەرلىـ
رىگە خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى
چۈش» رومانلىرىنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بەرگەن ۋە سۇن جۇڭشەنىنىڭ

ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، دېموكراتىيىگە نىسبەتەن تونۇشىنى ئۆستۈرگەن . ئەنە شۇ مەزگىللەردىكى ئابدۇخالىقتا فېئودال كونىلىقا، دىنىي خۇراپاتلىققا ۋە نادانلىققا قارشى تۇرۇپ، ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش غايىسى تۇغۇلغان . ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا يازغان «ئىستىمەس» ، «باردۇر»، «ئويغان»، «هار» قاتارلىق شېئىرلىرى شائىرنىڭ مەرىپەتكە ئىنتىلىدىغان ئىلغار كۆزقاراشلىرىنىڭ مەھسۇلى ئىدى . 1923 - يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەخسۇت مۇهىتى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ئىككىنچى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، يەنە ئۈچ يىل تۇرۇپ، بىلىم تەهسىل قىلدى، يەنى 1919- يىلى لېنىن رەهبەرلىكىدە موسكۋادا قۇرۇلغان «شەرق كوممۇنىستلىك ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ 1921- يىلى تەسىس قىلىنغان جۇڭگو سىنىپىدا ئوقۇدى . بۇ جەرياندا ئۇ پۇشكىن، لېرمونتوف، تولستوي، گوركىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، رۇس ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشتى . ئۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى . 1926 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپلا يېڭىچە ئىلىم - پەننى تەرغىب قىلدى، خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن گېزىت- ژۇرنال نەشر قىلىشقا تەرەددۇت قىلىپ، تۇرپاندا باسما زاۋۇتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى . خەلق ئىچىدىكى بەزى ئەسلىمىلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئەينى زاماندىكى ئىلغار كىشىلەرنىڭ هېسداشلىق قىلىشى بىلەن باسما زاۋۇت قۇرۇش تەييارلىقىنىمۇ هەل قىلغان، لېكىن ئەكسىيەتچى مىلتارىست ياڭ زېڭشىن هۆكۈمىتى ئۇنىڭ باسما زاۋۇت قۇرۇشىغا يول قويمىغان . شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇرپان ئاستانىدىكى مەخسۇت مۇهىتى، پىچاندىكى ئىسكەندەر خوجا (ئىسكەندەر خوجا 1920 - يىللاردىكى ياشلارنىڭ ئاۋانگارت ۋەكىلى . ئۇ 1930 - يىللاردا ئۆزبېكىستاندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان . ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگەن . 1947 - يىلى پىچان ناھىيىسىگە هاكىم بولۇپ تەيىنلەنگەن . 1951 - يىلى دۇنيادىن ئۆتكەن .) قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىللە، 1927- يىلى «ئاقارتىش بىرلەشمىسى» نامىدا بىر مەرىپەت جەمئىيىتىنى

ئۈيۈشتۈرۈپ، ئۈچ ملك سەر كۈمۈش ئىئانە تـوپلاپ، تۈرپان يـېڭىشـەھەردىكى نىياز سەيپۇڭ (نىياز سەيپۇڭ ‹1886ـ1949ـ يـىللار› مەشھۇر جامائەت ئەربابى . ياشلىق مەزگىلىدە تىككۈچىلىك بىلـەن مەشغۇل بـولغان . ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە بىلىم تەھسىل قىلغان . مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلغان . پۈتۈن ئۆمرىنى، مال ـ مۈلكىنى مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان . پاراسەتلىك، ناتىق، لەتىپىچى كىشى . ئەل سۆيگـەن دېموكـرات زات . 1936 ـ 1939 ـ يىللاردا تـۇرپان ناھـىيسـگە ھاكـىم بولغان . نى شىيەنجاڭ دېگەن نامدا ئۇنىڭ نۇرغۇن ياخشى ئىش ئىزلىرى تارقالغان . 1980 ـ يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشىر قىلىنغان بىر قىسىم ئەدەبىي توپلاملارغا ئۇنىڭ 40 پارچىغا يېقىن لەتىپە ـ چاقچاقلىرى كىرگۈزۈلگەن .) دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىدا بىر يېڭى مەكتەپ، كېيىنكى يىلى يېڭىشەھەردىكى ئاق سارايدا «ھۆرىيەت مەكتىپى»، كونىشەھەر نەنمېن (جەنۇبىي قوۋۇق) دا يەنە بىر مەكتەپ ئاچقان . بـۇ يەنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغانلارنىڭ بىرقىسمى كېيىنچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىرىلغانىدى . ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزىلـىرى جەمئىيەتتە مۇھىم روللارنى ئوينىدى . بۇ دەۋردە ئابدۇخالـىق ئۇيغـۇرنىڭ ئىجادىيىتىدە زور ئىلگىرىلەش بولدى . ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلىرى ۋە جەمئىيەت رېئاللىـقىنى ئـەكس ئەتتـۈرىدىغان شېئىرلارنى يېزىپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ چىرىك ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى . ئازادلىق، ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى ۋە بۇ يولدا قۇربان بولۇشنى ئۆزى ئۈچۈن بەخت دەپ ھېسابلايدىغانلىقىنى لىرىك پىكىرلەر بىلەن ئىپادىلىدى . قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ھارپىسىدا ئابدۇخالىق ئۇيغـۇر «ئاچىل» نـاملىق شـېئىرنـى يازدى . كېيىنكى چاغلاردا بۇ شېئىر خەلق ناخشـىسىغـا ئايلـىنىپ پۈتـۈن شىنجاڭغا تارقالدى .

ئۇنىڭ شېئىرىدىكى چوڭقۇر سىياسىي مەزمۇن، ئۆتكۈر ئىسپانكارلىق سادالىرى ئەينى دەۋردىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ئەندىشىلىرىنـى كۆپـەيتكەنـىدى، بۇ شـېئىرلاردا قانـداقتۇر «غەيـرىي ۋە يېڭـى پىكـىر-

لەر»نىڭ بارلىقىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن ئەكسىيەتچى گوۋرۇھ ئابدۇخالىقـ-نى شېئىر يېزىشتىن، خەلقنى بولسا ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشتىن چەكلـە-گەنىدى .

ئۆز غايىسى يولىدا تىز پۈكمەس روھقا ئىگە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1932- يىل 11 - ئايدا «ئويغان»، «ئاچىل» دېگەن شېئىرلىرىنى ئـاق رەختكە چوڭ خەتلىك قىلىپ يېزىپ، كوچىلارغا چاپلاپ ئەكسىيەتچى ھا-كىمىيەتنىڭ ھەيۋىسىگە تاقابىل تۇرغانىدى .

1932 - يىل 12 - ئاينىڭ بېشىدا تۇرپاندا دېھقانلارنىڭ ئەكسى-يەتچى ھاكىمىيەتكە ۋە فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلاپ، تۇرپان يېڭىشەھەرنى قوزغىلاڭچىلار ئىشغال قىلدى . 1932 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى مىلىتارىست جىن شۇرېن تۇرپان دېھ-قانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن تۇرپانغا جازا قوشۇنى ئەۋەتكەنى-دە، قوزغىلاڭچىلار يېڭىشەھەرنىڭ غەربىدىكى قۇملۇقتا «ئوت قالاپ كۆتۈۋېلىش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، بىر يولىلا بىرنەچچە يۈز دۈشمەننى تارمار قىلىپ، نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئوق - دورا غەنىيمەت ئېلىپ دەسلەپكى غەلىبىگە ئېرىشتى . بۇ چاغدا شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاشۇ ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەقسىتىدە «مۇزلىدى» دېگەن شېئىرنى يازدى .

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا بارغان شىڭ شىسەي 1933 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە قاراپ قاچتى . ئۇ تۇرپانغا كەلگەنى-دە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە سەپداشلىرىنى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەنىۋى تەرغىباتچىلىرى دەپ قاراپ، تۇتقۇن قىلىپ تۈرمى-گە تاشلىدى . ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۈرمىدە دۈشمەننىڭ قاتتىق - ياۋى-شاق ۋاستىلىرىگە پىسەنت قىلمىدى، بەلكى ئۇلارنىڭ سۈيىقەستلىرىنى پاش قىلىپ «ئىچ پۇشۇش» دېگەن شېئىرنى يازدى ۋە دۈشمەنگە قارشى ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلىدى . سۈيىقەستى ئىشقا ئاشمىغان جاللات شىڭ شىسەي 1933 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۇنى سەپداشلىرى بىلەن قوشۇپ تۇرپان شەھىرىدە سازايى قىلىپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقتى .

قەيسەر ئابدۇخالىق دۈشمەنگە باش ئەگمەي، باتۇرلارچە كۆكرەك كېرىپ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يالقۇنلۇق نۇتۇق سۆزلىدى. بويىنىغا قىلىچ ئۇ-رۇلغاندا، «ياشىسۇن ئەركىنلىك!»، «ياشىسۇن ئازادلىق!» دەپ ياڭراق شوئار توۋلاپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قىسقا ھاياتى ئەنە شۇنداق ئۆتكەن. ئۇ-نىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت بۇ تەپسىلاتلار ھازىرغىچە ئۇنىڭ ھايات زاماندashلىرى ئىچىدە سۆزلىنىپ كەلمەكتە، ئابدۇخالىقنىڭ پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەر بۇنى بىر چوڭ تارىخىي ۋەقە سۈپىتىدە ھازىرمۇ ئەسلىشىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنى ئەۋج ئالدۇرغان خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك شائىر بولۇپ، يېڭى زامان دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «4 ـ ماي ھەرىكىتى»دىن كېيىن، ئېلىمىزدە يۈز بەرگەن زور تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە ياشىدى ۋە ئىجاد قىلدى.

قەيەردە زۇلۇم بولىدىكەن، شۇ يەردە زۇلۇمغا قارشى كۈچ بار-لىققا كېلىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەردە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىر-نىڭ باشلىرىدا خۇڭ شيۇچۇەن، كاڭ يۇۋېي، يەن فۇ قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار جۇڭگو خەلقىنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاقار-تىش، ئىسلاھاتچىلىق ۋە دېموكراتىيە يولىنى ئىزدىگەنىدى. 20 ـ ئە-سىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە شىنجاڭدىكى بىرقىسىم ئىلغار پىكىرلىك زىيا-لىيلارمۇ ئەنە شۇ يولغا ئىنتىلدى. ئۇلار ئالدى بىلەن خەلق قەلبىنى مە-رىپەت بىلەن يورۇتۇش، دېموكراتىك غايىلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقى-لىق جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈستىدە ئىزدەندى. 1911 ـ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ «سەن-مىنجۇيى (ئۈچ مەسلىك)» ئىدىيىسى شىنجاڭغا يۈزلەنگەندە، شىنجاڭ-دىكى دېموكراتىك پىكىر ئېقىمى تېخىمۇ كېڭىيىشكە باشلىغانىدى.

1920 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئىچىنى ئويغىتىشتا بەلگىلىك رول ئوينىدى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىسلاھاتچىلىق ۋە دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىغا مەنسۇپ بولغان بىرقىسىم ئىلغار زىيالىيلار خەلق ئارزۇسىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىنى كەڭ تەرغىب قىلدى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مەرىپەتچىلىك پائالىيەتلىرى ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت شەكلى ئارقىلىق مەيدانغا كەلدى، يېڭى مائارىپ ـ ئاقارتىش پائالىيەتلىرى كەڭ ئەۋج ئالدى. مۇنداق زور مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ، 30 ـ يىللىرىدا ئويغىنىشقا باشلىغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىك ـ دېموكراتىك غايىسىنىڭ ئەكس ساداسى ئىدى. خەلقنىڭ بۇ ئارزۇسىغا ئەينى زاماندىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ۋەكىللىك قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ جەھەتتە ئاكتىپ ھەرىكەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەملىكەت ئىچى ۋە قوشنا ئەللەردىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ تەسىرىدە، جەمئىيەت تەرەققىياتى توغرۇلۇق بىرقەدەر توغرا خۇلاسىگە ئىگە بولغاندى. ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە تەشەببۇسلىرى دىنىي چەكلىمە ۋە فېئودال تەرتىپلەرنىڭ قاتتىق ئىسكەنجىسىدە تۇرغان بىرقىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن، بولۇپمۇ شۇ جەمئىيەتتىكى مۇتەئەسسىپلەر تەرىپىدىن ئاسانلىقچە قوبۇل كۆرۈلمەيتتى. شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان:

...

تىل ـ ھاقارەت، تەنە ـ دەشنام، ۋايدادا!... بۇ جاننى قىينىدى،
ئەمدى نە قىلماق كېرەك، ئەجەبمۇ بولدۇم خارىمەن!

لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن شائىر ئۆز غايىسى يولىدا مېڭىشتىن ۋاز كەچمىدى، بەلكى ئۆز ئىشىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشەنگەن ھالدا، دولقۇنلارنى يېرىپ ئالغا باستى.

شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق مىسرالارنى قالدۇرغان:

ئىبقى ئاق، قارىسى قارا، ھەرگىزمۇ ئاق بولماس قارا،
ئاجرىسۇن مىستىن تازا ئالتۇن كۆيۈپ، ئوتتا چىداپ .

مەلۇمكى، شەخسنىڭ تارىختىكى رولىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا ئۆز دەۋرىدە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھەقىقىي ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە پۈتۈن ھايات پائالىيىتى داۋامىدا خەلقتىن ئوزۇق ئېلىپ، خەلققە ئوزۇق بەرگەن شەخسلەرلا ھەقىقىي قەھرىمان بولۇپ، خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشاپ قالىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 20 - ، 30 - يىللىرىنى شىنجاڭ خەلقى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئاسارەتلىك دەۋر - جاھالەت ئەۋجىگە چىققان يىللار دەپ قارىساق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئاشۇ يىللاردا خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ- ئۈمىدلىرىگە ۋەكىللىك قىلىپ مەرىپەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، باشقىلارنى يورۇتقان رەھنەمالارنىڭ بىرى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ . ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بىرەر نامايەندىنىڭ تارىختىكى تۆھپىسى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كەڭ ئىجتىمائىي تەسىرى، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئوينىغان رولى ھەمدە يېڭى غايە - ئىدېئولوگىيىنى پەيدا قىلالىشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ . ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز دەۋرىدىلا خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى مەرىپەت ئاسمىنىدا كۆرۈلگەن بىر يۇلتۇز بولغانىدى . ئۇ ھايات ۋاقتىدىلا «ئويغان»، «ئاچىل» دېگەن شېئىرلىرىنىڭ پۈتكۈل شىنجاڭغا، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ، خەلق ناخشىسىغا ئايلىنىپ كېتىشى پىكرىمىزنىڭ دەلىلى بولالايدۇ . بۇ شېئىرلار ھېلىھەم جەلپكارلىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە .

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يېڭى زامان ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى نېمىدىن ئىبارەت؟ بۇ مەسىلە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا باھا بېرىشتە مۇھىم سالماقتا ئىگە . بىز بۇنداق باھانى ئۇنىڭ ھايات پاكىتلىرىدىن ئالىمىز، ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنىي قابىلىيىتى ۋە يۈرەك قېنىنى نېمىگە بېغىشلىغانلىقىغا، قانداق غايە - مەقسەت

يولىدا تىرىشقانلىقىغا ھەمدە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن قانداق تەسىر كۆر-سەتكەنلىكىگە قاراپ، ئۇنىڭ تارىختىكى رولىنى باھالايمىز. مەلۇمكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ قىسقا ئىجادىي ھاياتىدا پوئېتىك ئىجادىيەتنىڭ پەللىسىگە چىقىشقا ئىنتىلدى . ئۇنىڭ قەلبى ئاجايىپ يالقۇنلۇق بىر ئوت بىلەن ياندى . ئۇ ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەت ھەققىدە، ئۆز ھېسسىياتلىرى ھەققىدە بەدىئىي مىسرالارنى يېزىشنى كۈندىلىك ھايات پائالىيىتىگە ئايلاندۇردى . ئۇ كۆرگەن يېڭى دۇنيا ۋە يېڭى ھاياتنىڭ تەسىرى ئۇنىڭدا ئاجايىپ ئۇمىدۋارلىق تۇيغۇسىنى ئويغاتقانىدى . بۇ ھال شائىرنىڭ غايىۋى، بەدىئىي جەھەتتىن ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يېڭى بول-غان يۈكسەك شېئىرلىرىنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولدى . ئەگەر شائىر ئۆز دەۋرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كېلەچەكنى روشەن كۆرەلمىگەن بولسا، ئەڭ مۇھىمى، كەلگۈسىگە ئۈمىد باغلاپ، ئۆز خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ئار-زۇ- ئارمانلىرىنى، ئىنتىلىشلىرىنى شائىرانە تۇيغۇ بىلەن ئېنىق ھېس قىل-مىغان بولسا، ئۆلمەس شېئىرلارنى يازالمىغان بولاتتى .

شائىر ھەقىقەتنى باشقا يەردىن ئەمەس، بەلكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ ، 30ـ يىللىرىدىكى ئالەمشۇمۇل ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەردىن تاپتى . بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق دەپ يازغانىدى :

ھەقىقەتنىڭ روھى قېچىپ كەتتى مېنىڭ دىيارىمدىن،<br>
ئۇنىڭكى خۇش پۇراقى ھېچ كەتمىدى بۇ دىماغىمدىن .<br>
ئىزدىدىم كۆپ، تاپمىدىم شەجەن ـ روجەن سەھراسىدىن،<br>
ئىزدىبان تاپتىم ـ دە، ئالدىم لېنىننىڭ گۈلباغىدىن .

بۇ بىر كۇپلېت شېئىردا شائىرنىڭ ئىلغار پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ـ دۇنيا قارىشى يەكۈنلەنگەن . ئۇ لېنىن باشچىلىقىدىكى رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن — سوتسىيالىستىك سوۋېت تۈزۈمىدىن «ھەقىقەتنى تاپ-قان»لىقىنى يۈرەكلىك ھالدا جاكارلىغانىدى . بۇنداق پىكىر، بۇنداق سۈبيېكتىپ ئارزۇنىڭ 1930 ـ يىللاردىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىگە نىسبەتەن

ئېيتقاندا، قالتىس مەنۋى ھادىسە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس !
لېنىن يولىدىن ھەقىقەتكە ئىگە بولغان جۇڭگو خەلقى تارىختا ئۆچمەس نەتىجىلەرنى ياراتتى . ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەينى زامانىدىكى ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلار قاتارىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ جۇڭگوغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى دەسلەپتە سەزگەن ۋە ئۇنى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەكس ئەتتۈرگەن سىيمالارنىڭ بىرى بولدى . مۇھىم نۇقتا شۇكى، 1919 ـ يىلىدىكى 4 ـ ماي ھەرىكىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۈز بەرگەن دېموكراتىك ھەرىكەتلەر شائىرنىڭ دىققىتىدىن چەتتە قالمىدى . ئۇ پۈتۈن بىر ئىجتىمائىي تۈزۈمگە بىۋاستە تاقىلىدىغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان سىياسىي ھادىسىلەرگە ھەرگىزمۇ سەل قارىمايتتى، شۇڭا ئۇ مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئەدەبىيات ۋە ئاخبارات يېڭىلىقلىرىدىن پايدىلاندى . 1907 ـ، 1917 ـ يىللاردا بېيجىڭ ۋە شاڭخەي شەھەرلە-رىدىكى ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «يېڭى ياشلار» ۋە «شەرق ئەنزارى» قاتارلىق ژۇرناللاردا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەر-نىڭ، بولۇپمۇ رۇسىيىنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغا-نىدى .
1920 ـ يىللاردا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سوۋېت پرولې-تارىيات يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پرولېتارىيات ئەدەبىي ئېقىمىنىڭ پېشقەدەم نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان سەدرىددىن ئەينى، شۇنىڭدەك، ئۆزبېك يازغۇچىسى ئابدۇللا قادىرى، تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاي قاتارلىقلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك تىللىرىدا تارقالغانىدى . بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شەخ-سىي كۇتۇپخانىسىدا بولۇشى شائىرنىڭ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيا-تىدا دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنى ئەۋج ئالدۇرۇش مۇددىئاسىنىڭ شەكىل-لەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى .
يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇ خىل ئىلغار ئىجادىيەت مېتودى ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قىسقا ئىجادىي ھايا-

تىدا بىرقەدەر زور سالماقتا ئىگە بولدى . باشقا كۆپ تەرەپلەرنى تەھلىل قىلمىغاندىمۇ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ، 30 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتىدا، ئۆز ئەسەرلىرىدە «لېنىن، سۇن جۇڭشەن، يىگىرمە ئىككى ئۆلكە، ئېلېكتر، لۇشۈن،پەنگە يۈرۈش، خەلق ھوقۇقى، مىللەتلەر باراۋەرلىكى» قاتارلىق ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يېڭى ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، جاراڭلىق تاۋۇلاش يۈكسەك جاسارەت، دادىللىق ئىدى !

20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى كېيىنكى يىللاردا ئۆزبېكلەرگە تونۇشتۇرۇلغان . 1970 ـ يىللاردا ئۆزبېكچە نەشر قىلىنغان «ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن كىتابتا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «بەر مەدەت»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «كۆكۆل خاھىشى»، «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» ماۋزۇلۇق بىر نەچچە شېئىرى بېرىلگەن . يەنە 1980 ـ يىللاردا «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىدا بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان ۋە رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغان ، شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى قامۇسلاردا تونۇشتۇرۇلغان . ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ تەسىرىنى باھالاشتىمۇ بۇ ئەسەرلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ .

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بىرقاتار شېئىرىي ئەسەرلىرىدىن قارىغاندا، شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ رېئالىستىك ئىجادىيەت مېتودىنى تەتبىق قىلىپ، ئاكتىپ رومانتىزم ئۇسۇلى بىلەن ئەينى يىللاردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۇرگەن . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆزىتىش، ئۆزلەشتۈرۈش، تەھلىل قىلىش ۋە بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەسەرلىرى ئەينى زاماندا ئىلغار ئىدىيەلەرنىڭ تارقىلىشىدا پائال رول ئوينىغانلىقى بىلەن ئالاھىدە قىممەتلىكتۇر، شۇنداقلا بىزنىڭ شۇ زاماندىكى رېئاللىقنى تونۇشىمىز ئۈچۈنمۇ قىممەتلىكتۇر.

ئېلىمىز ئەدەبىياتى تارىخىدىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، ھەربىر مىل-

لەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخى شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي ئەنئە-
نىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز بېيىپ كەلدى . جۈملە-
دىن، بۇ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ كلاسسىك ئەدەبىياتقا تارد-
خىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ . ھالبۇكى،
ئالغا بېسىشنى مەقسەت قىلغان ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي ئەدە-
بىيات مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئە-
دەبىياتىدىن پايدىلىق ئامىللارنى قوبۇل قىلىدۇ . شۇ يول بىلەن مىللىي
ئەدەبىياتنىڭ شەكلى ھەم مەزمۇنلىرىنى بېيىتىپ بارىدۇ . ئابدۇخالىق
ئۇيغۇرمۇ ئۆز ئىجادىيىتى جەريانىدا شۇنداق قىلغان . ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى
زامان ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر يازغۇچىلاردىن لۇشۈن، گو مورو، شيا-
يەن، ماۋدۇن قاتارلىقلار دەسلەپكى مەزگىللەردە چەت ئەل ئەدەبىياتى-
نىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلغانىدى . ئۇلار ئۆكتەبىر ئىنقىلابى
مىللەتنى ئازاد قىلىشنىڭ، ئۆز تەقدىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈمىدى دەپ
قارىغانىدى . شۇڭا، بۇ جەھەتتىن تونۇشتۇرۇش، تەرجىمە قىلىش، تەتقىق
قىلىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان . 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىكى
ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ رۇس ئەدەبىياتى ۋە سوتسىيالىستىك سوۋېت ئەدە-
بىياتى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان، ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئالغان . ئابدۇخالىق
ئۇيغۇر ئەينى زاماندىكى دەۋر قەدىمىگە ماسلىشىپ، ئىشنى قەلەم ھەم
ئەلەمدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن باشلىغان . ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئى-
جادىيىتىنىڭ قىممىتى ئەڭ ئالدى بىلەن مانا مۇشۇ جەھەتلەردە ئىپادىلە-
نىدۇ.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ پۈتكۈل شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىسى
ۋە ئۇنىڭ يادروسى زۇلۇمغا، زوراۋانلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇش، ئىن-
قىلاب قىلىش ۋە شۇ يول بىلەن خەلقنىڭ ئازادلىقىنى، دېموكراتىيە ۋە
ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ
ئۆتتۇق . ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھەم ئەدەبىي پائالىيەتلىرىدە
مۇئەييەن ئىزچىللىق ۋە دىئالېكتىكىلىق ئۇسۇل ـ باسقۇچلار بار، شا-
ئىرنىڭ مەقسەت ـ غايىسىنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئوتتۇرىغا قويغانلىق-

نى ھەمدە ئۇنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دەسلەپكى ئەدەبىي ئىجادىيىتى خەلق قوشاقلىرى شەكلىدىن ئىلھاملىنىش بىلەن باشلانغان. ئاندىن بارا - بارا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئارۇز ۋەزنىگە كۆچكەن. بۇ ھال ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىدا بىرقەدەر ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. مەزكۇر توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇ- رۇپتۇ.

نوقۇل ھالدا مۇنداقچە تەرىپلەش يېتەرلىك بولمايدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ساپ ئۇيغۇر تىلىدا ئارۇز ۋەز- نىنىڭ نەپىس مىسرالىرىنى ياراتتى ۋە خەلق ئاغزىدىكى ماقال - تەمسىل- لەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆز ئىجادىي ئورىگىناللىقىغا تەتبىقلىدى. ئەدەبىي تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىدىكى تۈرلۈك مەجازىي ۋاستىلەرنى جاي - جايىدا قوللىنىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىل- لىنىشىدىكى ئىپتىدائىي ئامىللارنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇ دەۋر شارائى- تىدا ئەرەب - پارس ۋە باشقا چەت ئەللەرنىڭ «بەدىئىي تىل»ىغا مۇراجىئەت قىلمايلا، ساپ ئانا تىلى- ئۇيغۇر تىلىدا تۈرلۈك ژانىردىكى شېئىرلارنى يازالىشى، خەلققە يېقىن ئىبارىلەرنى بەدىئىي پوئېزىيىدە كەڭ قوللانغانلىقى 20 - ئەسىرنىڭ 20 - ، 30 - يىللىرىدىكى يېڭى ئۇيغۇر شېئىرىيەت تىلى ئۈچۈن بىر ئۆرنەك بولغانىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىلغار ئىدىيە ۋە يېڭىلىقنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈردى. قالاقلىق ۋە ئەكسىيەتچىلىكنى ئەيىبلىدى. ئۆز جەمئىيىتىنىڭ سەلبىي ئامىللىرىنى «شۇم پەلەك»كە ياكى «يالما- ۋۇز» غا ئوخشاتتى. مانا بۇ بىر خىل تىپىك ئوخشىتىش ئىدى. «شۇم پەلەك»- ئەڭ زۇلمەتلىك دەۋرنىڭ سۈپىتىدۇر. ئۇ بارلىق سەلبىي شەخسلەرنى، زۇلۇم، ئاسارەت ۋەكىللىرىنى «ئېيىق»، «قاۋان»، «قا- غا» دەپ سۈپەتلىدى، ئومۇمەن ئىجابىي ھادىسە ۋە نەرسىلەرنى ياخ- شىلىققا، يورۇقلۇققا، ئىنقىلابقا سىمۋول قىلسا، سەلبىي ھادىسە، نەرسى-

لەرنى يامانلىققا، زۇلۇمغا، ئەكسىيەتچىلىككە سىمۋول قىلدى . بۇ جەھەت-
تە خەلق ئىچىدىكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئوخشىتىش ۋە تەقلىد
قىلىش ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلاندى . شائىر ئۆزىنىڭ ئىنقىلا-
بىي غايىسىنى بەزىدە ئەينەن ئىپادىلىسە، بەزىدە «يار»، «باھار»،
گۈل- چېچەك، چىراغ، قۇياش، ئاي، ئاپتاپقا ئوخشىتىپ ئىپادە قىلدى .
غايىسىنى «يار» دەپ ئىپادىلىگەندە، ئۆزىنى يار ئىشقىدا «كۆيگۈچى»،
«ئاشىق» قىلىپ كۆرسەتتى. غايىسىنى «باھار» دەپ ئوتتۇرىغا قويغى-
نىدا، ئۆزىنى باھار ئىزدىگەن، قەھرىتان قىشتىن بىزار بولغان قىلىپ
كۆرسەتتى . ئۆز غايىسىنى گۈل ـ چېچەك قىلىپ كۆرسەتكىنىدە، ئۆزىنى
شۇ گۈل ـ چېچەك ئىشقىدا سايرىغان قەپەستىكى بۇلبۇل قىلىپ كۆرسەت-
تى . غايىسىنى «چىراغ» قا ئوخشاتقىنىدا، ئۆزىنى پەرۋانىگە ئوخشات-
تى . غايىسىنى «قۇياش» دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدا، ئۆزىنىڭ قۇياش نۇ-
رىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالمايۋاتقانلىقىنى، «قارا بۇلۇت»نىڭ ئۇنى
توسۇپ تۇرغانلىقىنى، لېكىن قۇياشقا دالدا قىلماقلىق، ئۇنى توسمەن
دەپ ھەرىكەت قىلىش بىر ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى .
ئومۇمەن، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنى سېلىشتۇرۇپ، يورۇقلۇقنى غا-
لىب قىلىپ ئۈمىدۋارلىقنى كۈيلىدى . شائىرنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرىدە،
سەل ـ پەل تېڭىرقاش ھالىتى ئەكس ئەتسىمۇ، لېكىن ئۇ ئازادلىقنى قولغا
كەلتۈرۈشتە تەلەي سىناش خىيالىدا بولغان ئەمەس . ئۇ تەقدىرگە ئىشە-
نىدىغان، بىخۇدلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نۇقتىئىنەزەرلەرگە شىددەت
بىلەن قايتۇرما زەربە بەردى . بۇ جەھەتتە شائىرنىڭ «ئىستىمەس» دې-
گەن شېئىرىنى مىسالغا ئېلىش كۇپايە :

ئىزدىدى ھۇما قۇشنى كۈندە كۆكلەرگە قاراپ،
ئىستىگەنلەر بېشىغا ھۇما قونۇشنى ئىستىمەس .

ئابدۇخالىق قىل سۇبات، ئىزدە سىراتەلمۇستەقىم،
بۇ سۇبات بار يەردە كۆڭلۈم ئۇ ھۇمانى ئىزدىمەس .

دىمەك، بەخت ـ سائادەت ئۆزلۈكىدىن قولغا كەلمەيدۇ. ئۇ ئـەپـ سانىلەردىكى بەخت قۇشى باشقا كېلىپ قونسىلا بەخت ـ سائادەتلىك بو- لىدىغان ئىش يوق دەپ، بۇنىڭغا ئالدانغانلارنى ئويغىتىـۋاتىدۇ . بەخـت كۆرەش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ئەكسىيەتچىلەر خەلقىمىزگە بەختنى تـەق- دىم قىلمايدۇ، شۇڭا، خەلق ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلىشى لازىم، دەيدۇ.

شائىر خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاب قىلىدىغانلىقىنى، ئىنقىلابىي هـە- رىكەتنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىك ئـىكەنلـىكىنـى، ئۇنى هېچقانداق قـارا كۈچنىڭ توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن . بۇ جەهەتتە شائىرنـىڭ «ئۈزۈلمەس ئۈمىد»، «كۆرۈنگـەن تاغ يىراق ئـەمەس»، «مۇزلـىدى» قاتارلىق شېئىرلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

چىقار بوران تەرەپىال ئەگەر هېچ ئويلىماي تۇرساڭ،
ئەگەر قاتتىق چىقىپ كەتسە يىپىپ تۇڭلۇك ئالالىغايمۇ؟

تەرەپىال بوراننىڭ ۋە يامغۇرنىڭ هېچ تېگى يوقتۇر،
ۋە لېكىن ئابدۇخالىقنىڭ ئۈمىدى هېچ ئۈزۈلگەيمۇ؟
(«ئۈزۈلمەس ئۈمىد» تىن)

بۇ يەردە «بوران» ئىنقىلاب مەنىسىدە ئىپلىنغان بولۇپ، ئەكسـ- يەتچىلەرنىڭ ئويلىغانلىرىدەك بولمايدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە تېخىمۇ باغلىق بولمايدۇ . ئىنقىلابنىڭ دۈشمەنلىرى «تۈڭلۈك يىپىپ» (مۇداپىئـە كۆرۈپ) ئۈلگۈرەلمەيدۇ . ئىنقىلاب كۆپ بولدى، لېكىن غەلىبە قازىنـال- مىدۇق، شۇنداق بولسىمۇ ئىنقىلابنى توختاپ قالدۇ دەپ ئۈمىد ئۈزگە- لى قەتئىي بولمايدۇ، مەن ئـۈمىدسـىزلەنمەيـمەن، دەيدۇ . شېئىردىكـى «مەن» پـەقـەت شائىـرنـىلا بىـلـدۈرۈپ قالمـاستىن، نـۇرغـۇنلـىغـان «مەن»لەرنى كۆرسىتىدۇ. هالبۇكى، لىرىكىدا «مەن» شۇ دەۋر كىشىلـ- رىنى، ئومۇمىي خەلقنى كۆرسىتىدۇ .

ئومۇمەن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى تېمـاتىك مەزمـۇنىنـىڭ بايى، چوڭقۇرلۇقى، شېئىرىي ژانىر، شەكىللىرىنىڭ خىلمۇ خىلـلىقى، ئـۇس- لۇبىنىڭ مەردانە، جۇشقۇنلۇقى، تىل ـ بەدىئىي تەسۋىرلىرىنىڭ ئوبـراز-

لىق، يارقىن، چۈشىنىشلىك ئىكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بىز بۇ
توپلامنى ئوقۇساق، ئالاھىدە يارقىن نۇقتىنى، يەنى شائىرنىڭ ئەينى
دەۋردە ۋىجدان بۇرچىنى ئۈستىگە ئېلىپ، خەلقنى غەپلەتتىن ئويغىنىش،
ئىلىم ـ مەرىپەتكە يۈرۈش قىلىشقا چاقىرىق قىلغانلىقىنى، شائىر شېئىر-
لىرىنىڭ رىتىمى خەلقنىڭ يۈرەك رىتىمىغا تەڭكەش سوققانلىقىنى، شائىر-
نىڭ ئەينى دەۋردە دەۋرنىڭ ئەڭ ئالدىدا پارلاق چوققىغا يۈرۈش قىل-
غان جەڭچى ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئابدۇخالىق
ئۇيغۇرنىڭ مەزمۇن، تىل، بەدىئىيلىك، شەكىل جەھەتلەردىن چاغاتاي
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان يېڭىچە شېئىرىي
ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى
سېلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان تۆھپىكار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

شائىرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىلغار كۆچلەرگە ھېسداشلىق قى-
لىش، خەلق، ۋەتەن ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىش روھى مەڭگۈ قە-
دىرلەشكە ئەرزىيدۇ .

نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن

# ئۇيغۇر قىزى[1]

ئەي قەمەر، قارىشىڭدا مەن ھەيرەتتە قالدىم ئۇشبۇ تۈن،
ماھى رۇخسارىڭ سىنىڭ ئون تۆت ئىكەن تولغان بۇ كۈن.
ئۈل قۇياش تارلىق قىلىپ، چاچقانى راست ئوخشايدۇ ياغ،
شۇل سەۋەبتىنمۇ يۈزۈڭدە بار ئەجەب يىتمەس بۇ داغ.
ئۇشبۇ داغدىن گۈل يۈزۈڭگە يەتمىدى ھىچبىر زەرەر،
بۇ ئەسەر بىر مەڭ بولۇپ، ھۆسنۈڭنى ئارتتۇردى مەگەر.
بىر قاراشتا گۈل يۈزۈڭگە ئاشىق بولدۇم بىقارار،
ئوخشىغان نەركەس كۆزۈڭ خۇددى ئىلىپكىر يالتىرار.
لەۋلىرىڭنىڭ قىنى ئانار رەڭگىدىنمۇ ياخشىراق،
چىشلىرىڭ چىن ئۈنچىدىن، تىللىرىڭ مەھبۇبراق.
قاشلىرىڭدۇر يىڭى چىققان ئەينى شەۋۋالنىڭ ئىيى،
سىنىڭ ئالدىڭدا باراۋەردۇر گادا، شاھۇ بىيى.
سىھىرگەر گۈل، كۆزگە ساقچى، كىرپىكلىڭ بىر نەيزىدۇر،
ھەر قاراشىڭدا كىلىپ نەيزەڭ يۈرەكنى ئىزىدۇر.
ساچلىرىڭ رەقىبلىرىڭ كۆڭلى كەبى بىر سىر قارا،
ئەۋرىشىمدەك يەلپۈنۈپ سالدى كۆڭۈلگە جىق يارا.
قوللىرىڭنىڭ ئاقلىقى، سۈزۈكلۈكىدىن نۇر چىقۇر،
بۇ قوپال قولۇم بىلەن تۇتسام قولۇڭغا ھۇر[2]چىقۇر.
تەنلىرىڭ ئالماسقا ئوخشاش ئاق سۈزۈك بىر شەئىلدۇر[3]،
خىنە ياققان تىرنىقىڭ مىسلى بەدەخشان لەئىلدۇر.
بويلىرىڭ زىلۋالىقى سەرۋىگە ئوخشار ئەي قەمەر،
كۆرمىدىم ھىچبىر چىرايلىق ساڭا ئوخشاش بىر نەپەر.

تەۋرىنىپ كەتسەڭ ئەجەب يەلپۈنەدۇر بۇ ساچلىرىڭ،
ئىلتىپاتىڭدىن ئۈمىد ئەيلەپ ئاقۇر قان ـ ياشلىرىم .
قاتتى، قالدى قارىغان يەردە سېنىڭ بۇ شائىرىڭ،
تىلىسەڭ قىلغىل مۇسۇلمان، تىلىسەڭ مەن كاپىرىڭ .

1917 ـ يىل



① بۇ شېئىر «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1979 ـ يىل 12 ـ سانىدا «ھەيرەتتە قالدىم» دېگەن ماۋزۇ بىلەن ئېلان قىلىنغان . شېئىرنىڭ مەزكۇر ۋارىيانتى 1946 ـ يىلى كۆچۈرۈلۈپ خەلق قولىدا ساقلانغان يازما نۇسخا بويىچە ئېلىندى .

②ھۆر — قاپارتقۇ، ھۆررەك مەنىسىدە.

③شەئلى — زىننەتلىك مەنىسىدە.

# بەختنگۇل [1]

بىر كۇنى مەن كوچىدا كۆردۇم ئاجايىپ بىر پەرى،
بىلمىدىم ئۇ قايسى تاغنىڭ، قايسى باغنىڭ بىر گۇلى[2] .

بىر قاراشتا سالدى ئوتنى، ئالدى جاننى بۇ خىنىم،
بىر بالا بولدى ماڭا بەزگەك چۇشۇپ تىترەپ تىنىم .

كۆرمىسەم قانداق تۆزەرمەن جىق يۇرىكىمدە يارا،
چالا ـ پۇچۇق بىر كۆرۈش ھەسرەتكە قىلدى مۇپتىلا .

قەددى ـ سىياقىنى كۆرۈپ ئاشىق بولدۇم بىقارار،
ئىشق ئوتى — دوزاخ ئوتى، بۇ كۆڭۈل قانداق چىدار؟

قانچە ماڭدىم ئارقىسىدىن تۇيمىدى بىر ـ بىر بىسىپ،
بەلكى ھەرگىز بولمىغاي كۆڭلىدە مەندەك بىر غىرىپ .

قانچە ئىيتتىم بۇ كۆڭۈلگە قىلمىغىل بىكار يۇرۈش،
ئىستىكىڭ كەتكەي بىكار بولماس نىسىپ داپقۇر [3] كۆرۈش .

ئاڭلىغايمۇ بۇ كۆڭۈل ھەر كۇندە قىلغاي مىڭ بىرىش،
يەتمىدى ئەسلا كۆڭۈلگە بۇ بىرىشتىن ھىچ ھىرىش .

كۆر، بۇرادەرلەر كۆڭۈلنىڭ بۇ خىيال خامىنىنى،
ئەمدى ئۇقتۇم بەختنگۇل دەيدۇ مۇبارەك نامىنى .

ئابدۇخالىق سەن ئەگەر ۋىسالىغا بولساڭ كۆيۈك،
غەيرىي كۆزدىن [4] يوشۇرۇن تۇتقىل يۈرەكىڭدە كۆمۈپ.

1918 – يىل



① بەختىنگۈل — بۇ شېئىر «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە «بەخت» دەپ ئېلان قىلىنغان.
② بۇ مىسرانىڭ خەلق ئىچىدىكى ۋارىيانتى مۇنداق: «بىلمىدىم ئۇل قايسى باي ھەم قايسى شاھنىڭ دىلبىرى».
③ داپقۇر — تۇرپان شېۋىسى، «يەنە بىر قېتىم» دېگەن مەنىدە.
④ غەيرىي كۆزدىن دېگەن سۆز خەلق ئىچىدىكى ۋارىيانتىدا «ئەل كۆزىدىن» دېيىلگەن.

# ئۈمىد تەبەسسۇمى

ھاي سەتەڭ بالىخان،
سەنمۇ سەن جانان.
كىمدۇر بىلەمسەن،
ئوتتۇردا يانغان.

ئوتلارنى سالدىڭ،
جانلارنى ئالدىڭ.
زېرىككەن چاغدا،
ئۇيقۇغا تالدىڭ.

نازىڭ ياراشۇر،
قىزلار قاراشۇر.
ئۆتسە يىگىتلەر،
ئۆيدە تالاشۇر.

بىر كۈنلەر بولۇر،
گۈللەر ئاچىلۇر.
ئۇيغۇرنىڭ ئەيىبى،
شۇندا ياپىلۇر.

# يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلدى

سۈتتەك ئايئاق ئايدىڭدا،
يار خىيالى ئالدىمدا.
سايەم ماڭا ھەمراھدۇر،
يالغۇزلۇقتا يانىمدا.

سايەم ھەم ماڭا ئوخشاش،
سۆلتى بار سۆزى يوق.
قاراپ باقسام مىدىرلايدۇ،
ھەقىقەتتە ئۆزى يوق.

يار كەتكىلى دەردىم جىق،
رەڭگىم زەپەردەك سېرىق.
ياردىن ئاجراپ ۋاي ھالىم،
ۋا ھەسرەتا ۋادەرىخ.

يار كېتىپ ئەجەب قىلدى،
كېتەرىنى كىم بىلدى.
يار كەتكەنىنىڭ بۇياقى،
يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلدى[1].

① يەنە بىر ۋارىيانتىدا «يېشىم ئېقىپ بولدى» دەپ ئېلىنغان.

# سېغىنىش

ئەي پەرى سەن كەتكىلى بولدى قاراڭغۇ بۇ جاھان،
مېنى يالغۇز مۇندا تاشلاپ، ئاھ، ئەجەب قىلدىڭ يامان.

كەتمىدى كەتكەندىكى كۆز بېقىشىڭ[1]، قاش قېقىشىڭ،
ئىختىيارسىز مەن ئۇزاتتىم، نائىلاج بولدۇق راۋان.

مەن ئۇزاتقان يەردە تۇردۇم، سەن كۆزۈمدىن يىتكۈچە،
سەن يوقالغاچ ئايلىنىپ باش، يەر بولدى گويا ئاسمان.

يىغلىغانغا يانمىدىڭ، ئەسلا يېشىمغا باقمىدىڭ،
خەت ـ خەۋەرمۇ بەرمىدىڭ ئەي پەرى بولدۇق قايان؟

يول يىراق، يوق ۋاستە دەپ بىكار باھانە ئەيلىمە،
ئوڭمىزدا بولمىسا، كەلگىل چۈشۈمدە قىل بايان.

«كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» ئابدۇخالىق كۈت ئۈمىد،
سېغىنغانىڭ كېلىدۇ، سۈزۈلۈر شۇنداق جاھان.

---

① يەنە بىر نۇسخىدا «كۆز بېقىشىڭ» دېگەن سۆز «ياش ئېقىتىپ» دېيىلگەن.

# ئويغان

ئەي پېقىر ئۇيغۇر، ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ،
ئاھ، سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.

قوپ! دېدىم، بېشىڭ كۆتۈر! ئۇيقۇڭنى ئاچ!
رەقىبىڭ باشىنى كەس، قانىنى چاچ!
كۆز ئېچىپ ئەتراپىڭا ئوبدان باقمىساڭ،
ئۆلسەن ئارماندا بىر كۈن نائىلاج.

ھېلىمۇ جانسىزغا ئوخشايدۇ تېنىڭ،
شۇڭا يوقمۇ ئانچە ئۆلۈمدىن غېمىڭ؟
قىچقارسام قىمىرلىمايلا ياتسەن،
ئويغانماي ئۆلمەكچىمۇ سەن شۇ پېتىڭ؟!

كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئەتراپىڭا باق،
ئۆز ئىستىقبالىڭ ھەققىدە ئويلا ئۇزاق.
كەتسە قولدىن بۇ غەنىيمەت پۇرستى،
كېلەچەك ئىشىڭ چاتاق، ئىشىڭ چاتاق.

ئېچىنار كۆڭلۈم ساڭا ئەي ئۇيغۇرۇم،
سەپدىشىم، قېرىندىشىم، بىر تۇغقىنىم.

كۆيۈنۈپ ھالىڭغا، ئويغاتسام سېنى،
ئاڭلىمايسەن زادى، نېمە بولغىنىڭ ؟

كېلىدۇ بىر كۈن پۇشايمان قىلسەن،
تەكتىگە گەپنىڭ شۇ چاغدا يېتسەن .
«خەپ!» دېسەڭ ئۇ چاغدا ئۆلگۈرمەي قالار،
شۇندا ئۇيغۇر سۆزىگە تەن بېرسەن .

1920 ـ يىل



## ئىنتىزارلىق

بېشىڭنى ئېلىپ كەتتىڭ،
بىرمۇ كەلمىدىڭ ئەي يار .
خېتىڭ يوق، خەۋىرىڭمۇ يوق،
دىققەت، ھەيرىتىم ئارتار .

ھەر كۈنى قاراپ بويلاپ،
مىڭ مەرتەم سىنى ئويلاپ .
يوللاردا سىنى سوراپ،
ئۆيگە قايتىمەن ناچار.

تۈن، كۆز ئۇيقۇدىن قاچتى،
ئوتى ئۆتتۈپ تۇتاشتى .
دەردى ھەددىدىن ئاشتى،
ئەھۋالىم يامان دىشۋار.

كۆزلىرىم قاماپ قالدى،
مۇنتەزىر بولۇپ تالدى .
يارىم شۇنداق ئوت سالدى،
چىقتى پەلەكتە شەرار[1] ،

خىيال ئەيلىسەم يېتىپ،
يېنىپ كەلمىدى بىرىپ .

يۈرەك ـ باغرىمنى يېرىپ،
ئازاب قىلادۇر بىسيار.

ھەر كۈن يۈز تۈمەن مىلڭ ئوي،
يار كۆرسەتۈرمۇ دەپ بوي.
بولدى ماڭا ئۇلۇغ كوي،
دەپ يارىم قاچان قايتار.

كۆز يۈمماي، بولۇر تۈن تاڭ،
ئۇيقۇ كەلمەيدۇ ياتسام.
شۇنداق دەردىڭنى تارتسام،
ئەجەب بولمىدىڭ غەمخار.

ھەر تاڭ ئەرتە تۇرارمەن،
ئىشىكىڭدىن سورارمەن.
بەك ئاۋارە يۈرەرمەن،
كۆرسەت يۈزۈڭنى ئاشكار.

ئىشىكىڭ ئېتىك مەھكەم،
كىرمەككە ئىلاجىم كەم.
ئاچماسەن بابۇ كەرەم،
جانغا بەرمىگىل ئازار.

كۆرسەتمەمسەن يۈزۈڭنى،
پىنھان قىلىپ ئۆزۈڭنى؟
ئاڭلاتماسەن سۆزۈڭنى،
ئەيلەپ ئوتقا گىرىپتار؟

ئۇيغۇر زار ـ زار يىغلار،
بىرمۇ ئاڭلىماس ئۇل يار .
بولدۇم كويۇڭدا خۇمار،
كىمگە قىلارمەن ئىزهار .

1921 ـ يىل، تۇرپان



① شەرار — ئۇچقۇن.

# باردۇر[1]

جاھالەت سەمەرەسىدىن بىزگە بىر كۈن كۆپ جاپا باردۇر،
ئىپتىخىزچۇ، بۈگۈنكى ھالىمىزنىڭ قايسى بىرىدە ساپا باردۇر.
زامانىنىڭ ھالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرماقنىڭ ئورنىغا،
بىرىنى شاخيو سايلاپ ئارقىدىن دەۋايىمىز باردۇر.
ئىلمىنىڭ ئىجتىھاتىغا كۆڭۈلنى قويمىدۇق بىزلەر،
ئوقۇرمىز - ئوقۇتۇرمىز دەپ سېغىز چايناشىمىز باردۇر.
تەئاۋۇنۇ - تەناسۇر ئورنىغا بىزلەردە بىر ئادەت،
يېگى باشنى كۆتۈرگەننى ئورۇپ يىقىشىمىز باردۇر.
يەنە يۇرت پايدىسىغا جەمئىي بولماقلىق بەسى مۇشكۈل،
ئەگەر بىر يەردە توي بولسا، بىرىپ ياتقانىمىز باردۇر.
ئومۇمنىڭ پايدىسىغا يۈز يىلدا ھەم ئەسلا چۈشەنمەيمىز،
زىيان قىلماق ئۈچۈن بولسا ئەجەب چاققانىمىز باردۇر.
بىرسى بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ يادىنى قىلماق يوق،
ئىپى كەلسە بىرىپ ئەۋرەتلىرىن ئاچقانىمىز باردۇر.
ئەگەر مىللەت ئۈچۈن بىر پۇل چىقىش كەلسە تاپالماسمىز،
چىقمى يوق ناۋا پۇلغا تولا ئىخلاسىمىز باردۇر.
ئىخۋان ھەم بۇرادەرلىك نىشانى قالمىدى بىزدە،
مەگەر دوست بولساقمۇ ئەسلي، بۆلەك مۇددىئايىمىز باردۇر.
خاتائەن دوستىمىزدا بىر ئەيىب زاھىر بولۇپ قالسا،
يوشۇرماي بىرگە ئوننى تىپىپ قاتقانىمىز باردۇر.
بابالار شۆھرىتىنى، غەيرىتىنى ھېچ سېغىنماسمىز،
قېلىپ غەپلەت - جاھالەتتە يۇمۇپ كۆز، پو ئاتقانىمىز باردۇر.

كېرەكسىز مۇستەھەپ[2] ئىشلار ئۈچۈن جاننى پىدا قىلماق،
ۋە لېكىن ھەجگە باج ئالسا، توزۇپ قاچقانىمىز باردۇر.
ئۈيۈن ـ چاقچاق تۆپەيلىدىن ئۆزئارا بىئەت بولساق،
ياراشتۇرۇپ قويۇش نەدە، ئارىغا ئوت ياققانىمىز باردۇر.
خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۈستىسى ھەم يوقتۇر،
قۇۋلۇقۇ شۇملۇق بىلەن رەڭمۇرەڭ يالغانىمىز باردۇر.
ئىت ئۇرغاننى تونۇر دەپ بار ئىدى بىر تەمسىلى،
لويى، ئامبال ۋە دارىن دەپ سېمىز باققانىمىز باردۇر.
ئىلىم ـ پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۈچار كۆكتە ، ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.
گۈركىرەپ كەلسە ئاپتوموبىل، نېمە بۇ ئەي خۇدايىم دەپ،
ئەقلىنى ئىشلىتەلمەي، ھاڭ ـ تاڭ قېتىپ قالغانىمىز باردۇر.
ھۈنەر بىلەن سانائەتتە «يېتىشتۇق»، ئەمدى ئىش پۈتتى،
ئۇماچ ئىچمەككە، خۇمداندا غېدىر قۇيغانىمىز باردۇر.
مىسلى جەننەت تاغۇ ـ دەريانى بېزەشكە يوق كىشى،
ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ بىغەم ياتقانىمىز باردۇر.
مۇنەججىم ھەم ئىنژېنېر، ئالىملارنىڭ ئورنىغا،
تونۇ سەللە، نەپسى بالا موللىمىز ـ سۇلتانىمىز باردۇر.
قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۆرلۈك ـ تۆمەن بوھتانىمىز باردۇر.
ئەل ـ يۇرتنىڭ دەردىگە قىلچىمۇ دەرمان بولمىدۇق بىزلەر،
كېلۇر بىر كۈن ئاشۇ چاغدا ئورنىغا كەلمەس پۇشايمانىمىز باردۇر.
ئابدۇخالىق بەس، يېتەر ئاۋارە بولما، قاقشىما،
شۇ چاغ كەلگەندە بىزلەردە ئازابقا تەييار ۋىجدانىمىز باردۇر.

1921 ـ يىل

① بۇ شېئىرنىڭ ماۋزۇسى 1947 ـ يىلىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان نۇسخىسى بويىچە ئېلىندى. خەلق ئىچىدىكى نۇسخىلارغا سېلىشتۇرۇلۇپ تولۇقلاندى .

② مۇستەھەپ — قىلىسمۇ يامان بولمايدۇ دېگەن مەنىدە.

## پەرزەنت [1]

غۇنچە گۈلنىڭ سەنئەتىدۇر،
پەرزەنت كۆڭۈلنىڭ .
پەرزەنت بىلەن ئاچىلىدۇ
كۆڭلى مەلۇلنىڭ [2] .

پەرزەنت ئۆزى جان قۇشىدۇر
بىگۇمان، بىشەك .
يىپ ئۈزۈلسە تۇرالامدۇ
ئاسماندا لەگلەك؟!

باھار بولسا، سايرىشىدۇ
خۇشال بۇلبۇللار.
پەرزەنت بىلەن ياشنىشىدۇ
غەمكىن كۆڭۈللەر.

پەرزەنت ئۆزى خۇدايىمنىڭ
زور ئىلتىپاتى .
پەرزەنت بىلەن گۈللەر دائىم
كىشى ھاياتى .

سالما پەرزەنت ئىككى دۇنيا
كىشىگە رەھمدەم .

پەرزەنت كۈلسە يۈيۈلار
كۆڭۈلدىكى غەم .



① بۇ شېئىرنى شائىر ئۇچىنچى بالىسى ئۆلۈپ كەتكەندە يازغان. 1930 ـ يىللاردا ئابدۇراخمان باقى كۆچۈرگەن قولىيازمىدىن ئېلىندى .
② مەلۇل -- مالال بولۇش .

# خەير، كۆرۈشەرمىز

ۋادەرىخا، كەتتى ئۇ جانىم مېنىڭ جانىنى ئېلىپ،
ئۇ كېتەردە مەندە جان قايدا، ياغاچ بولدۇم قېتىپ.

جادۇ كۆز گۆل كىرپىكى بىرلە يۇرەردە بىر قاراپ،
تاش كۆڭۈلنى قوغۇشۇندەك ئېرىتىپ قىلدى خاراب.

مەنىلىك سىرلىق قاراپ: «بولغىن ئامان يارىم» دېدى،
«مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن سېنىڭ بىلەن يادىم» دېدى.

نائىلاج مەنمۇ دېدىم: «بولسۇن مۇبارەك بۇ سەپەر،
تاكى جايىڭغا يېتىپ بارغۇنچە يوللار بىخەتەر.»

ئاق بىلەك گەدەنگە چەمبەر، بىرلەشتى ھەر ئىككى تىنىق،
ئالما، ئانار بولدى بىر جۈپ، ئۆپتى تويغۇچە يېنىپ.

«خەير، كۆرۈشەرمىز» دېبان، ئايرىلىشتۇق نائىلاج،
ئۇيغۇر يوقاتتى، ئېسىنى، دېدى: بەختىم زادى كاج.

1922 ـ يىل

# تۇرپان كېچىسى

نېمىدېگەن ئىسسىق، نېمىدېگەن دىمىق،
نېمىدېگەن تىنچىق تۇرپان كېچىسى .
بوغۇلدى نەپەس، بۇرۇقتۇم قەپەس،
تەرلىتەر چىپ ـ چىپ، تۇرپان كېچىسى .

سايلاردىن سوقسا ئىسسىق شامالار،
يىغلار بۆشۈكتە تەرلەپ باللار .
ئەللەي ئېيتىدۇ، بەزلەپ ئانىلار،
نېمىدېگەن تىنچىق تۇرپان كېچىسى .

تۇرار جىمىرلاپ كۆكتە يۇلتۇزلار،
باغلاردا سولغۇن گۈللەر ـ غۇندۇزلار.
يەلپۈگۈچ قولدا، زارلانغان سۆزلەر،
نېمىدېگەن تىنچىق تۇرپان كېچىسى .

جۇجەملەر گويا تامچىلىغان ياش،
يىغلاۋاتقاندەك يۇرتتا قېرى ـ ياش .
قاچان چىقاركىن، قۇياش ئېتىپ قاش؟
دەھشەت قاراڭغۇ، تۇرپان كېچىسى .

قاچان نۇر چېچىپ ئاتار ئالتۇن تاڭ،
ئاتامدىكىن دەپ، بولمىغىن ھاڭ ـ تاڭ .

سۈبھى يورۇدى، يورۇدى بۇ تاڭ،
بەربىر ئۆتەر تۇرپان كېچىسى .

1922 ـ يىل



# باھار چېچەكدىن بىر تەسىر [1]

نازىنىن نازلىق چېچەك، كىملەر ساڭا مەپتۇن ئەمەس،
گەر نېسىپ بولسا جامالىڭ، كىمدۇر ئۇ مەجنۇن ئەمەس .

قىش بويى قويۇق بۇلۇت ئاستىدا مۇزلاپ بۇ كۆڭۈل،
كۆن كۆرەلمەي، تىن سۇرەلمەي غەمگە پاتتى بۇ كۆڭۈل .

بۇ زەئىپ كۆكرەكتە ئۇل يارنىڭ خىيالى مۇتتەسىل؟
كۆيدۈرۈپ كۆپ ئۆرتىدى، كۆپ قالدى سۆزلەردىن بۇ تىل .

كېچە مەن كۆرگەچ چېچەكنى خۇددى كۆرۈشتۇم يار ئىلە،
يىغلىدىم بىئىختىيار ئەرزىمنى ئېيتتىم زار ئىلە .

دېدىم: ئەي مەھبۇبى شاھى، مېنىڭ بۇ ئەرزىمنى ئال،
لۇتفى قىل مۇڭداشقىلى، بىر نەچچە كۈن يانىمدا قال .

ئەرزۇ ھالىمنى ساڭا باشتىن ـ ئاياغ قىلسام بايان،
دىلدىكى ئارمانۇ ئارزۇيۇم بولغۇسى ئاز ـ ماز ئايان .

ئەي، پەرىلەر نە ئۈچۈن سىزلەردە يوق، قىلچە ۋاپا؟
كۆيدۈرۈپ مەجنۇن قىلىپ، جانغا قىلۇرسىزلەر جاپا .

قايتۇرۇڭ لۇتفەن جاۋاب، ئاشىقنىڭ كۆڭلىن تىندۇرۇڭ،
بىۋاپالىق رەسمىنى، ئەھدىنى ئەمدى سۇندۇرۇڭ .

ئاڭلىغاچ ئاقتى چىچەكىمنىڭ كۆزىدىن ياش تارام،
كۆپ پۇشايمانلار يېدىم، ئېيتقان سۆزۈمگە مەن قارام.

كۆزنى باستى قاپقاراڭغۇلۇق، جاھان زۇلمەت بولۇپ،
ئىختىيارسىز كۆزلىرىمدىن ئاقتى قانلىق ياش تولۇپ.

كۆيدى ئۇل شاھى چىچەك ھالى پەرىشانىم قاراپ،
سورىدى: «ئەي بىچارە ئاشىق، نە ئۈچۈن ھالىڭ خاراب؟ ...»

يىغا قايناپ بۇ تىلىم سۆزلەرگە ھالى يوق ئىدى،
ئۇدۇلۇمدا ئۇل چىچەك خۇددى قىزىل بىر چوغ ئىدى.

دېدى: «ئەي بىچارە، مىسكىن، يىغلىما، ھالىڭ دېگىل،
بىلگىنىمچە مۇڭدىشاي، بولسۇن پىدا جانۇ ۋە دىل.»

يىغلىبان دېدىم: «پەلەك باشىمغا نە كوي سالمىدى،
يىغلىماقتىن تاشقىرى بەندەڭدە ھېچ كوي قالمىدى.»

دېدى: «ئەي نادان، بىلەمسەن تاش باغىردۇر بۇ پەلەك،
كۆرمىدىڭمۇ ئۇندۇرۇر ئۇ بىر پەلەكتىن مىڭ خەمەك.»

1923_ يىل

① بۇ شېئىر 1947 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئەدەبىيات بېتىدە مۇشۇ ماۋزۇ بىلەن بېسىلغان.

# قايدىسەن ①

ئەي، ماڭا ئۇتلار سېلىپ، ئەقلىمنى ئالغان قايدىسەن ؟
بېشىمغا غەم ياغدۇرۇپ، كويلارغا سالغان قايدىسەن ؟
بارمىدى يا بىر ئۆچۈك، يالغۇز ماڭا يەتتى كۈچۈك،
يوقلىمايسەنغۇ كېلىپ، تۈنلەردە بالىجان قايدىسەن ؟
بۇ جاھان تار كەلدىمۇ، ھەمراھ بولۇش ھار كەلدىمۇ،
دەردى دەۋران ئۈستىگە ئىشقىڭنى قوشقان قايدىسەن ؟
سەنسىز زۇلمەتتۇر جاھان، نۇر ئېمەر سەندىن قاچان،
سەن ئۈچۈن تىكىلدى جان، بولمامسەن قالقان، قايدىسەن ؟

1923 ـ يىل، تۇرپان

① بۇ شېئىر خەلق ناخشىسى «ۋاي دادەي»گە تېكىست قىلىنغان .

# قىل باھار

ئىچ پۇشۇپ كۆڭلۈم يېرىم، يار كەلمىدى دەپ خارۇ زار،
يوق ۋۇجۇدۇم خۇشلۇقى، بولدى خىيالىم تارۇ مار.
دەسلىپى يالغۇز غېرىب، ئەلۋەتتە يالغۇز كەچكىچە،
قايسى ياقتىن يار كېلۇر، دەپ جىق يولىغا ئىنتىزار.
كاشكى تۈنلەردە جانىم قىلسىچۇ ئەرزۇ جامال،
ياكى توختاتسا پالان چاغ كۆرۈشكەيمىز، دەپ قارار.
ۋاقتىنى ساقلاپ كۆڭۈلگە ھاي بېرىپ: «سەن ساقلا» دەپ،
بۇ ئۈمىد بىرلە كۆڭۈل بەلكى كەچۈرگەي روزىغار.
قايسى كۈن كىردى سارايىغا يەنە بىر چىقمىدى،
باقمىدى قايتىپ مېنىڭ ھالىمغا ئۇ شەپقەت شوئار [1].
ياكى بولماس بارغىلى ئۇرداڭىنىڭ ئالدىغا جېنىم،
پاسبانلىقتا تۇرۇپتۇ قانچە ـ قانچە ئەجدىھار.
بويلىغان بىرلە يىراقتىن زەررىچە يوق پائىدە،
ياكى بولمايسەن راۋاقتىن بەزى ـ بەزى ئاشكار.
بىۋاپا ياردىن ئۈمىد ئۈزگىل، دىبسەممۇ گاھىدا،
شەۋقى بارغانچە ئاشۇر يوقتۇر كۆڭۈلگە ئىختىيار.
مەيلى يوق، زوقى كۆڭۈل ياردىن بۆلەك ھېچ ئۆزگىگە،
يوق بۇ چاغدا بىر رەپىق ياكى غېمىمگە غەمگۇزار.
مەستۇ مەدھوشتۇر كۆڭۈل يارنىڭ پىراقىدا ھامان،
بولمىسا قانداقسىگە بولغاي كۆڭۈللەر ھوشيار.
بىلمىدىم، مەن ھەم ئۇنىڭ يادىدا بارمۇ ياكى يوق،
ياكى كەلسەممۇ بىلىندۇرمەي قىلامدۇ ئۇ ۋىقار [2] .

ياكى ئۆزۈمنى بىلمىدىم ياكى خىيالنى نەتەي،
مەن تەرەددۇت ىىرلە ھەيرەتتە يامان بولدۇم خۇمار.
لۇتپى قىل، كۆرسەت جامالىڭنى، قاچۇرماي ئەي جېنىم،
تاشلىما، بىئېتىبار، ئەرزىمنى جان قىل ئېتىبار.
مۇددىئايىم شۇ، قىيا بىر باقسا ئۇ ساھىبجامال،
ھىممىتىم نەرخى كۆتۈرۈلسە ئېشىپ ئەندەك بازار.
دەۋرى جەبرىدىن ئىست! ھالىڭغا ئۇيغۇر ۋايىكىم،
قىش كېلىپ مۇزلاتمىسۇن، پاتراق غەنىيمەت قىل باھار!



① شوئار — بۇ يەردە نىشان، بەلگە بەرمىدى دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن.
② ۋىقار — چىدىماق، ئېغىرلىق قىلماق.

# بىر پەلەكنىڭ خەمكى ①

سۈتكە ئوخشاش كېچە، ئاق ئايدىڭدا يالغۇز بىر يىگىت،
بىر خىيال ئويغا چۆمۈپ، يۇمغان كۆزىنى باش ئېگىپ .

ئاڭا مەن سالسام قۇلاق، گاھىدا ئاھى ئاڭلىنۇر،
بىلىنۇر ئۇشبۇ قىياپەتتىن ئۇنىڭ جىق دەردى زور.

ئاستىلاپ بېرىپ يېقىن، مەن ئاڭا بەردىم سالام،
— نېمە بولدى ئەي ئاداش؟— دەپ باشلىدىم ئاۋۋال كالام .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، رەھمەت ساڭا، سورىما،— دېدى،
— قوزغىما كونا كېسەلنى، كەت نېرى، تۇرما،— دېدى.

دېدىم:— ئەي جېنىم قېرىنداش، بولماسمۇ ياردەم بەرگىلى،
نېمە دەرد ئىدى ئۇ دەردىڭ، بولماسمۇ دەرمان بولغىلى ؟

بوزىرىپ ماڭا قاراپ، بېشىنى نەچچە تاتىلدى،
قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئايغا قاراپ سۆز باشلىدى:

— تاڭ سەھەر، سۈبھى ئىدى، نە بولدى قارا باستىمۇ،
غەلىتە ھايۋاننى كۆردۈم، قاۋانمۇ يا ئالۋاستىمۇ؟

دۈچار بوپتىمەن چۈشۈمدە قاتتىق باش ئاغرىقىغا،
ئىزدىنىپ تاپماپتىمەن بۇ دەردىمە ھېچبىر شىپا .

خىزىر ئىلياسمۇ دېگەيمەن ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي:
- گۈل ھىدى داۋا،- دېدى،- كۆڭلۈك ئاشۇنى خالىغاي.

گۈلنى ئىزدەپ گۈل - گۈلىستانغا قاراپ قىلدىم يۈرۈش،
شۇ ئۈمىد دەردكە داۋا بولغايمۇ دەپ گۈلنى كۆرۈش.

تىترىدى ئەزالىرىم، سوقتى يۈرەكلەر شۇ زامان،
بېشىمغا ئۆرلەپتۇ سەپرا، ئاغرىقى ئاندىن يامان.

قارىسام غەلىتە ھايۋان، باغقا ئىكەن پاسىبان،
چوڭلۇقى ئىت بىرلە تەڭ، خۇنسا ئىكەن جىنسى قاۋان.

مەن بۇنى كۆرگەچ دېدىم: «نەدىن كېلىپتۇ بۇ بالا!
بۇ مەرەزدىن ساقلىسۇن ھەر بەندە مۆمىننى خۇدا!...

باغۋەن كۆرسە نىجىسنى باغقا يول قويماس ئىدى،
ئۆلتۈرەر ئىدى بېسىپ قايناق سۇغا، سويماس ئىدى».

ئەلھەزەر ئەيلەپتىمەن ئۇنىڭ قاباھەت تۇرقىدىن،
چۆچۈپ ئويغاندىم شۇئان مەن سەسكىنىپ ئۇيقۇدىن[②].

ئەتىگەندىن تا بۇ كەمگە زادى ئۇيقۇم كەلمىدى،
قورقۇنچلۇق بۇ قارا چۈشمۇ ئېسىمدىن كەتمىدى.

تىنمىدىم ھېچكىمگىمۇ، بولغاي نېمە چۈش تەبىرى؟
توغرا تەبىرىنىڭنى بەرگىل، كەل يېقىن، ئاداش بېرى.

«ئەي ئاداش، چۈشۈڭدە كۆرگەن شۇم پەلەكنىڭ تەقدىرى،
ئوڭۇڭدا كۆرگەنلىرىڭنىڭ چۈشۈڭدىكى بىر تەمسىلى.

مەنمۇ ئۇزۇندىن بېرى شۇنداق خىيالنى كۆپ قىلىپ،
كۆزلىرىمدىن قاچتى ئۇيقۇ، يۈرۈردۇرمەن تۈن كېزىپ.»

ئىككى دەردمەن مۇڭدىششقا بۇمۇ پۇرسەت كەلگىنى،
ئەسلىمىز ھەم ۋەسلىمىزدۇر بىر پەلەكنىڭ خەمكى.

بولمىسا ياخشى رەپىق، بولغاي ھامان كۆڭلۈك چىچىق،
ئۇيغۇرا، تۈن ئىلكىدە تاپتىڭ ئۆزۈڭگە بىر سىدىق[3].

1925 ـ يىل



① بۇ شېئىرنىڭ ماۋزۇسى ئۆزگەرتىلگەن.

② بۇ مىسرانىڭ «چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتىمەن، سەسكىنىپ مەن ئۇيقۇدىن» دېگەن ۋارىيانتىمۇ بولغان.

③ سىدىق (ئەرەبچە) — ساداقەت مەنىسىدە بولۇپ، بۇ يەردە ساداقەتلىك دوست دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

# پىغان

سەھەرلەر ئاھۇ ئەپغانىم چىقار يەتتە پەلەكلەرگە،
يېتىشتى بۇ مېنىڭ زارىم، پەلەكلەردە مەلەكلەرگە[1] .
تەپەككۇر دېڭىزىغا غەرق بولۇپ ھەريانە مەن شۇڭغۇپ،
ئۆزۈمنى ئەيلىدىم تۆھپە، دېڭىز ئىچرە سەمەكلەرگە[2] .

چىقىپ كۆككە، كىرىپ يەرگە، ھەممشە ئىستىدىم ۋەسلىڭ،
بۇ ئادەت ئۆززرە كۆپ ئۆتتى قارارسىز ئۇشبۇ تۆت پەسلىڭ .
تېخى يوق ئىلتىپات، ھېچ بىلمىدىم ئول مۇددىئا ئەسلىڭ،
مېنى ئاۋارە قىلماقچى، تېگىدە ئويلىغان قەستىڭ؟

ئەگەر قەستىڭ ئاشۇلدۇر بولغايمەن دائىمي ئاۋارە،
سېنىڭ رايىڭ شۇبۇ بولسا تېپىلغايمۇ بۆلەك چارە .
بۇ دەردىم بىداۋا بولدى، داۋالار قىلمىغاي كارە،
ئاتاپ قويدۇم ئۆزۈمنى مەيلى بولسامۇ مىڭ پارە .

سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيمەكنى ئۆزۈمگە ئىپتىخار بىلدىم،
سېنىڭ ھەققىڭ ئۈچۈن جاننى مىڭ كەررە نەزىر قىلدىم .
يۈرەكنى پارچىلاشقا ئېھتىياج يوق، مەن ئۆزۈم قىلدىم،
قىلۇرمۇ ئىلتىپات دەپ، دەرگاھىڭغا باش ئۇرۇپ كەلدىم .

تەرەھھۇم[3] ئەيلىمەك ئەسلي مۇناسىپتۇر ساڭا ئەي شاھ،
مېنى ئۇتقا ئۆزۈڭ تاشلاپ، بولامسەن مۇنچە بىپەرۋا .

سىنىڭ ۋەسپىڭ ئەمەسمۇ رەھىم قىلماقلىق ئەي خۇداۋەندە،
تەرەھھۇم قىل، تەرەھھۇم قىل، تەرەھھۇم ئەيلە مەئبۇدا [4].

كىلۇر تاڭلا نە ئىشلار بولغۇسنى ئەيلىدىڭ مەجھۇل [5].
ۋىسالىڭدىن خەۋەر بەرمەي مېنى سەن قىلمىغىل مەقتۇل [6].
ئەگەر يانسام يولۇمدىن [7] بۇ ئىشمغا مەن ئۆزۈم مەسئۇل،
بۇ مىسكىن شائىرىڭ دۇئاسىنى ئەيلىگىل مەقبۇل [8].



① مەلەكلەر — مالائىكىلەر، پەرىشتىلەر.
② سەمەكلەر — بېلىقلار.
③ تەرەھھۇم — رەھىم قىلىش.
④ مەئبۇدا — خۇدانىڭ يەنە بىر ئىسمى.
⑤ مەجھۇل — نائېنىق.
⑥ مەقتۇل — قەتل قىلىش، ئۆلتۈرۈش.
⑦ «يولۇمدىن» دېگەن سۆز يەنە بىر ۋارىيانتتا «سۆزۈمدىن» دېيىلگەن.
⑧ مەقبۇل — قوبۇل قىلىش.

# هار

ئوت هارۋسى بىلەن ياكى هاۋا كېمە بىلەن،
يول يۈرۈش يۈرمەك، يولىن تاپقانىنىڭكى .

چۆل ئارا غىچىڭلىتىپ، يول ئۈستىگە تىنماي سىيىپ،
ئارقىدا قالماق هارۋىغا كالا قاتقانىنىڭكى .

مەرىكىدە كىيگىلى بولماس، لېكىن ئۇ ئوبدان نېمە،
خىزمىتى چوڭدۇر ئەجەب، تۈنلەردە بۇ يوتقانىنىڭكى .

هاكىمى مۇتلەق بولۇپ، پارا يەپ، يامبۇ قويۇپ،
ئەينى توڭگۇزدەك سەمرىمەك، يامۇلدا ئولتۇرغانىنىڭكى .

زۇلۇمغا مەهكۇم بولۇپ، باش ئۇرۇپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ،
نېمە دېسە راست دېمەك، قۇللۇقتا قالغانىنىڭكى .

ۋەزنى يېرىم پۇڭ ئەمەلگە مىنىپ، سىغماي تېرىگە،
ئەلنى سالماق پېرىگە، يالاقتا جان باققانىنىڭكى .

ئىلىم - پەنگە يول ئېچىپ، جەۋلان قىلىپ نۇر چېچىپ،
يايرىماق كۆكرەك كېرىپ، تەدبىر - ئەقىل تاپقانىنىڭكى .

پەنگە قارشى كاپشىماق، خۇددى ئىتتەك هاۋشىماق،
خارۇ زەبۇن ياشىماق، تەرسا - تەتۈر نادانىنىڭكى .

تەۋبە ـ تەقسىر ئوقۇشۇپ، كانايدىن ئالسا قورقۇشۇپ،
ئەستاغپۇرۇللا ئوقۇش، ئالۋاستى باسقانىنىڭكى .

ئۇيغۇرا كۆپ سۆزلىمە، جاھىلنىڭ بەختىن كۆزلىمە،
ھەق تېپىلماس بۇ جاھاندا، ھەممە ئىش يالغانىنىڭكى .

1925 ـ يىل



# غەزەپ ۋە زار

ئەي پەلەك، بۇ دەھشتىڭدىن ئىنتىھا بىزارىمەن،
ئىستىدىم كۆپ، تاپمىدىم بۇ دەردىمە ھېچ دارىمەن .
ئاتا ـ بوۋامدىن مىراس كونا كېسەلنىڭ دەردىدە،
گاھ ئۆلۈپ، گاھ تىرىلىپ، كۆپتىن بېرى ئاۋارىمەن .
بىر پۇراپ كۆلسەم نە ئارمان، بېغىم باھارى گۈلنى،
ھەر سەھەر گۈل ئىشقىدا بۇلبۇلغا ئوخشاش زارىمەن .
دوستلىرىم ئوۋغا چىقاردا كەلتۈرەر مىسالىغا،
قارچىغا قۇشلار ئۇلار، مەن مىسالى سارىمەن .
يۈزمۇ يۈز قىلماس تەئەررۇز[1] كۆپ كۆڭۈلچاندۇر ئۇلار،
كۆرمىسەم چاينار نىجىس گوياكى دىل ئازارىمەن .
لائەقىل دەپ ئويلىدى، چىندىن نەزەر سالماي تۇرۇپ،
يېغىلىپ كەتتى ئۇلار، كۆپتىن بېرى ھوشيارىمەن .
قولىدىن كەلمەيدۇ ئىش، دائىم غىدىقلايدۇ مېنى،
مەن ئۇلارنىڭ شۇ سۆزىگە بەكمۇ بەك خۇنبارىمەن[2] .
پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ، كاپىر، جەدىت دەپ قارغىشۇر،
بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش[3] بولۇپ يانارىمەن .
چۆل ـ جەزىرە، دەشتۇ سەھرا ئىچرە قالدىم نائىلاج،
ئاھ قاچان بىر يول تېپىپ، قوشۇلاي قاتارىمەن .
سۇغا تەشنادۇر بۇ چۆل، بىپايان مۇنبەت زېمىن،
مىسلى دەريا تاپماي ئېقىش، قاينام بولۇپ قاينارىمەن .
ئويغىنىپ كەتتى جاھان، مەغرىبى ـ مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا، چۈش كۆرۈپ ياتارىمەن .
باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،

مەن مسال يالاڭ ئاياغ، دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن .
ئىلىم ـ پەنىدىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ ـ خەتەر،
هالىمىز قۇلدىن بەتتەر، قانداق چىداپ تۇرارىمەن .
تىل ـ هاقارەت، تەنە ـ دىخمار [4] ۋايدادا!... بۇ جاننى قىيىندى،
ئەمدى نە قىلماق كېرەك، ئەجەبمۇ بولدۇم خارىمەن .
زۇلۇمنىڭ ئوكيانىدىن تاپماي پاراغەت ئارىلى،
تاغ كەبى دولقۇندا ئۆرلەپ [5] هەققە ئاھ ئۇرارىمەن .
دەۋرى جەبرىدىن ئىسسىت! هالىڭغا ئۇيغۇر ۋايكىم،
جاننى ئالقانغا ئېلىپ چىق، تاپمايسەن باشقا چارىسەن !

1927 ـ يىل



① تەئەررۇز — قارشىلىق كۆرسىتىش مەنىسىدە .
② خۇنبار — يۈرىكى قان بولۇش مەنىسىدە .
③ ئاتەش — يەنە بىر ۋارىيانتىدا «ئوت» دەپ ئېلىنغان .
④ تەنە – دىخمار — تۇرپان شېۋىسى. تاپا ـ تەنە، يامان كۆرۈش مەنىسىدە .
⑤ ئۆرلەپ — بەزى ۋارىيانتلاردا «لەيلەپ» دەپ ئېلىنغان .

# ئۈزۈلمەس ئۈمىد [1]

ھاۋادا كۆپ بۇلۇتلار بار، داۋام شۇنداق تۇتۇلغايمۇ؟
قۇياشنىڭ نۇرى پاكى ئۇشبۇ مانىئدىن قۇتۇلغايمۇ؟
قۇياشنىڭ تەمكىنى باردۇر، ساچۇر نۇرىن داۋام ئەيلەر،
سۇباتى يوق بۇلۇتلارغا ئۇنىڭ كەيپى بۇزۇلغايمۇ؟
قۇياشقا دالدا قىلماقلىق ئۇ ئەقىلسىزلىق دەلىلدۇر،
سىنىڭ بۇ يۇققا بۆز خالتاڭ بىگىزلەرنى يوشۇرغايمۇ؟
كىرەك بولسا ئەگەر خالتا، بۇ سۆزگە تىز چۈشەنگەيلەر،
تېشىلسە خالتىسى تاقتۇر، بۆلەك خالتا تاپالغايمۇ؟
نە چارە ئۇقمىدى ئەخمەق، سولاپ بۆز خالتىغا بىگىز،
چىقىپ داھىي ئۆگۈتلەر بۇ جامائەتكە ئۇقتۇرالغايمۇ؟
ئۆگۈتلەر توختىماستىن، ئۇ ئۆگۈتلەشكە ئۈمىدى زور،
چۈشەنمەي بىزىرىپ تۇرغان بىلەن ھەم توختىتالغايمۇ؟
كۆتۈر خالتاڭنى ئەي ئەخمەق، بۆلەك يەرگە كىرەك قىلغىل،
كۆرەمسەن ئۇچى ئۇچلۇق بۇ بىگىزنى بۆز ياپالغايمۇ؟
چىقار بوران تەرەپبال [2] ئەگەر ھىچ ئويلىماي تۇرساڭ،
ئەگەر قاتتىق چىقىپ كەتسە، يىپىپ تۈگلۈك ئالالغايمۇ؟
جاھالەت بۇلۇتى توستى قۇياشنى ھىچ كۆرۈپ بولماس،
مۇقەددەس ئۇ قۇياشنى بۇ دىيار قايتا كۆرەلگەيمۇ؟
ئوقۇتماي باللارنى ئوينىتىپ، خوپ ياخشى چوڭ قىلدۇق،
ئىسسىت! بۇ باللار ئاخىر، يىرىم ناننى تاپالغايمۇ؟
ئوقۇغلار، ئوقۇتۇغلار، ھاۋا ھەم ئەۋزائىنى بۇزدى،
ئەگەر يوق بولسا ھازىرلىق، بۇ مىللەت ھەم يوقالغايمۇ؟

چىقسپ بوران تەرەپيال، چۈشمەدى ئەسلا تېمىم يامغۇر،
قۇرۇپ كۆللەر، خاراب بولدى، ھاياتلىقا يېتەلگەيمۇ؟
تەرەپيال بوراننىڭ ھەم يامغۇرنىڭ ھېچ تېگى يوقتۇر،
ۋە لېكىن ئابدۇخالىقنىڭ ئۈمىدى ھېچ ئۈزۈلگەيمۇ؟



① «تارىم» ژۇرنىلى، «بۇلاق» مەجمۇئەلىرىدە بۇ شېئىرنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرىمۇ ئېلان قىلىنغان. شېئىرنىڭ مەزكۇر نۇسخىسى شائىر ۋاپاتىدىن ئاز ۋاقىت كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ، خەلق قولىدا ساقلانغان يازما مەنبەدىن ئېلىندى ۋە خەلق ئېغىزىدىكى ۋارىيانتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈلدى.

② تەرەپيال — تۇيۇقسىز، بىخەۋەر، ئۇشتۇمتۇت.

# ئاچىل

گۈلۈم ئاچىلاي دەيدۇ،
باشقا سانجىلاي دەيدۇ.
يارىمنىڭ يۈرەك ئوتى،
تەنگە يامشاي دەيدۇ.

يارىم ماڭا ناز قىلۇر،
كۆلۈپ مىنى ماز [1] قىلۇر.
يار قەدرىنى بىلمەيسەن،
زىمىستاننى ياز قىلۇر.

يار دەردىدە خۇن بولدۇق،
تۈگمەنلەردە ئۇن بولدۇق.
قورقۇنچۇڭدىن قاتتىق تاش،
بىرلىشەلمەي قۇم بولدۇق.

ياش تەلەپلەر ئۇخلاشما،
يار يولىدا پۇتلاشما.
يارىم ئۈچۈن جان پىدا،
قەدىمىڭگە مىڭ تىللا.

غەيرەت گۈلۈم ئاچىلغىل،
ھىممەت يولۇم ئاچىلغىل.

يارىم ئۈچۈن بەرسەم جان،
قاچان بولسا بىر ئۆلۈم .

يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم،
يارىم ئاچىلغىن .



① ماز — مەست، مەستخۇشلۇق، ئامراقلىق .

# يەجۈج - مەجۈج [1]

مەنچىلىك [2] غۇلاپ ھەممە خۇش،
بولدى پۇت ھەم قولى بوش .
ئامبال بولۇپ زالىملار،
قاقاقلاشتى تۇشمۇتۇش .

ھەر سىگىدا [3] قىلدى دۇدۇ [4]
ئۆز ئالدىغا ئىدارە .
جۇڭشەنىنىڭ [5] سۆزلىرىنى،
سانىماي بولار قاتارە .

سەنمىنجۇيى [6] يىپىلدى،
قىلماي ئەمەل ۋە كارە .
ئاخىر بولدى جۇڭگو،
يىگىرمە ئىككى پارە [7] .

بۇ پارىلەرنىڭ بىرى،
يۇرتىمىز ئىدى شىنجاڭ .
كۆپى ئۇيغۇر ئاھالى،
يوق ئىدى مۇندا بىر ئاڭ .

ھېچ تۇيمىدۇق بۇ ئىشنى،
ئۆتكۈزدۇق يازۇ قىشنى،
جياڭجۇن بولۇپ ياڭ زېڭشىن،
باشلىۋەتتى قىرىشنى .

بار ئىدى قازى، موللا،
ئۈستىدە تونۇ سەللە.
ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپ [8]،
دەپ چىقاردى پەتىۋا.

ياڭ[9]نىڭ خىيالى باشقا،
ئۇستا ئىدى تالاشقا.
ئۇستا ئىدى ئارىدا،
تۆرلۈك نىزا باشلاشقا.

ياڭغا بۇ ئىش ئەپ كەلدى،
كەلگەندىمۇ زەپ كەلدى.
بۆرە پاقلان تاپقاندەك،
يۇڭدىمايلا يەپ كەلدى.

يەتتە باشلىق يالماۋۇز،
مەھكەم ئورنىشىپ ئالدى.
ئىللا ھەم يامبۇ بولاپ،
تيەنجىندە جاي سالدى.

كەتتى بۇ يۇرتنىڭ داڭقى،
ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ كانى.
يالماۋۇزلار كۆپەيدى،
كۈنسېرى ئېشىپ سانى.

چېرىك قويدى قۇمۇلغا،
شىڭشىڭشىيانى توسۇشقا.
قورقار شېرىك چىقار دەپ،
تەييار، ئوڭاي بۇ ئاشقا.

قۇمۇلدا ياتتى چېرىك،
بىكارغا لەڭنى[10]جىق يەپ .
تويغۇزدى بۇ قۇمۇلنىڭ،
خەلقىنى دېدۈرۈپ «خەپ!» .

ئۆزى، چېرىكى ئوغرى،
ئۆتتى قۇمۇلغا زورى .
ئاخىر بېشىغا چىقتى،
پەن ياۋنەن[11]نىڭ زوھۇرى .

ئۇيغۇر يازدى قوشاقنى،
ئىچ ـ قارنىنى بوشاتتى .
كۆرەڭلىگەن جياڭجۈننى،
يالماۋۇزغا ئوخشاتتى .

1928 ـ يىل

① يەجۇج ـ مەجۇج -- دىنىي رىۋايەتلەردىكى سەلبىي تىپ. قىيامەت كۈنى غەلىتە بىر مەخلۇق يەر ـ جاھانغا داۋراڭ سېلىپ، ھەممىنى يۇتۇپ كېتەرمىش . شائىر بۇ يەردە زالىم ھاكىمىيەتنى شۇنىڭغا ئوخشاتقان .

② مەنچىڭ -- شىنخەي ئىنقىلابىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن مەنچىڭ خانىدانلىقى .

③ ھەرسىڭ -- ھەربىر ئۆلكە (省) .

④ دۇدۇ (督都) -- ئۆلكە باشلىقىنىڭ ئەمەل نامى .

⑤ جۇڭشەن -- شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى .

⑥ سەنمىنجۇيى -- سۇن جۇڭشەنىنىڭ «ئۈچ خەلق مەسلىكى» ناملىق ئەسىرى .

⑦ پارە -- ئۆلكىنى كۆرسىتىدۇ .

⑧ ۋاجىب -- ئىسلام دىنىدا ئىجرا قىلمىسا گۇناھ بولىدىغان دىنىي ئەمەللەرنىڭ بىرى .

⑨ ياڭ -- ياڭ زېڭشىننى كۆرسىتىدۇ .

⑩ لەڭ -- بۇ يەردە فېئودال ھۆكۈمەتنىڭ دېھقانلارغا سالغان ئاشلىق سېلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

⑪ پەن ياۋنەن -- (يەنە بىر ئىسمى پەن دۇيىڭ) سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرگۈزگەن كىشى . .

## غەيرىتىڭدىن ئايلىناي [1]

كۆرمەك نېسىپ بولۇرمۇ،
كۈنىنىڭ جامالىنى ۋاي .
كۈن ئولتۇرۇپتۇ كەتتى،
چىقمايدىغۇ ئەجەب ئاي؟

ئاپتاپتۇ كەتتى قولدىن،
ئۈمىد يوق[2]يەنە ئايدىن .
تۆت ئەتراپقا باقسام مەن،
زۇلمەتتە قالغان ھەر جاي .

كۈنىنىڭ ئىشى بۇ بولسا،
تۈنىنىڭ ئىشى ئۇ بولسا ،
يوللار ئېگىز ـ پەس بولسا،
قەدەمدە بىر يىقىلغاي ؟

زەپت ئالسا ئەزىز تەننى،
غەم قورشىسا ۋەتەننى .
كۆر پۈتتىكى كىشەننى،
قانداق قىلۇر يىقىلماي ؟

ھەممىنى قۇلۇم قىلسا،
ھايۋاندەك زۇلۇم قىلسا ،
دەپسەندە كۈكۈم قىلسا،
ۋىجدان قانداق چىدىغاي ؟

دەرد ئۈستىگە دەرد كەلدى،
كەلگەندىمۇ زەپ كەلدى .
زەرداب توشتى يۈرەككە،
بۇ جان قانداق پايلىغاي .

بۇندىن چوڭ بالا يوققۇ؟
بۇ دەردكە داۋا يوقمۇ؟
نە قىلماق كېرەك ئەمدى؟
ئىسست جېنىم، ھالىماي .

غېمىمىزنى يەيلى بىز ،
نېمە دېسەك دەيلى بىز ،
قول قوۋۇشتۇرۇپ لەببەي! دەپ،
نە قىلسا قاراپ تۇرماي .

كېلىدۇ ئاشۇنداق كۈن،
گال سىقىلىپ چىقماي ئۈن .
پۇشايمانغا قاچا يوق،
جان قويار يەر قالمىغاي .

ئۇيغۇر ئېچىپ كۆزۈڭنى،
تونۇتۇپ قوي ئۆزۈڭنى .
قاچان بولسا بىر ئۆلۈم،
غەيرىتىڭدىن ئايلىناي .

① بۇ شېئىر «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە «زۇلۇمغا قارشى» دېگەن ماۋزۇ بىلەن ئېلان قىلىنـ-
غان. ئەسلىي قوليازمىدا ماۋزۇسى بولمىغاچقا، شېئىرنىڭ ئاخىرقى مىسراسىنى ماۋزۇ قىلدۇق .
② ئۈمىد يوق — بۇ سۆز يەنە بىر ۋارىيانتىدا «نېسىپ يوق» دېيىلگەن .

# ياز تۈنى ①

ياز كۈنى كۈندۈز قىزىق، بولغاي ھاۋا ئىسسىق ۋە تار،
ھەر كۈنى ئاخشامنى كۆپ جان خالىغاي بىئىختىيار.
كېچە ھەركىم ئۆگزىسىدە تاغ شامالىغا قاراپ،
«كەل، جېنىمنىڭ راھىتى» دەپ تەلمۈرەر بەك ئىنتىزار.
كۆك يۈزى ساپ، ئاندا يوق تاب، پارچە يۇلتۇزلار يېقىن،
شۇل يىراقتىن خوپ يېقىنلاشقانىغا ئوخشاش پارقىرار.
ھەر كىشى بۇ خۇش ھاۋا ئاستىدا خۇشاللىق ئىلە،
گەپلىشىپ يانىدا يولداشى بىلەن كۆڭلىن ئاچار.
بار مەگەر شائىر غېرىب، يالغۇز ياتۇر كۆككە قاراپ،
كۆكتە يۇلتۇزلار يانار، يەردە پەقەت شائىر يانار...



① بۇ شېئىرنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1979 ـ يىل 12 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان . مەزكۇر ۋارىيانت كېيىن تېپىلغان يازما مەنبە بويىچە ئېلىندى .

# ئىشق ـ مۇھەببەت[1]

سەن ـ سەن يۈرەككە ئوتلارنى سالغان،
ئەقىل ـ ھوشۇمنى سۆز بىلەن ئالغان .
مۇھەببەت سازىن خۇش ئاۋاز چالغان،
باقمامسەن قىيا، ۋاي سەتەڭ بالىخان .

چىنمىدى ـ يالغان، جاۋاب بەر ئۆزۈڭ،
ياغدەك ياراشۇر ھەسەلدەك سۆزۈڭ .
جانلارنى ئالغان بۇلاقتەك كۆزۈڭ،
سەندۇرسەن مىنىڭ بەخت يۇلتۇزۇم .

دەردىڭدە كۆڭۈل ھەر كۈنى غەمدە،
ئىسىت، گۈل ئۆمرۈم ئۆتەمدۇ غەمدە ؟
كەبەڭگە بىقىپ، كۆزدىن ياش ئىقىپ،
ساقلارمەن جانىم ھەربىر قەدەمدە .

قىلغىل ئىلتىپات، كۆرمە بىزنى يات،
ھالىم خەتەردۇر يىتىشكىل پات ـ پات،
كۆرۈپ بويۇڭنى، سۆيدۈم خۇيۇڭنى،
كۆيگەن يۈرەكنى ئەيلىگىل بىر شاد .

تۈنلەردە دائىم تارتۇرمەن ۋايىم،
دەردىڭ قىلىپتۇر دوزاخنى جايىم .

كۆيدۈم، كۈل بولدۈم، سۆيدۈم قۇل بولدۇم،
كەلتۈر يادىڭغا بىزنى ھەم جانىم .

سەن بىر قىزىل گۈل، شائىرلىك بۇلبۇل،
تۈنلەردە سايرار دەردىڭدە غۇلغۇل .
بىزنى ئۇنتۇما، گۈلنى قۇرۇتما،
ئۇيغۇر بىچارە بولدى ساڭا قۇل .

1928 ـ يىل



① بۇ شېئىر 1944 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخا بويىچە ئېلىندى . « بۇلاق »، «تارىم» ژۇر- ناللىرىدا مەزكۇر شېئىرنىڭ يەنە باشقا ۋارىيانتلىرىمۇ ئېلان قىلىنغانىدى . بۇ نۇسخىلار ئىچىدە ئاز- تولا پەرق بار.

# سالام خەت [1]

مۇھىبىم ئەكبەرخان سەن سالامەتمۇ نە ھالەتتە،
سالامىمنى ئىلىك ئېلىپ، ئوقۇپ بىل ياخشى سائەتتە.
پولات باي باشلىق بىزنىڭ بۇرادەرلەر نە ئادەتتە،
سالامەت بارمۇ ئەخمەتجان ۋەيا كەتتىمۇ بىر ياققە؟
تامامىڭنىڭ تامامىغا سالام ئەلۋەتتە - ئەلۋەتتە.

چىقىپدۇرمىز قارا يەر[2]دىن، يېتىپدۇرمىز قارا شەھەردە،
زېرىكسەك سەيلە قىلۇرمىز دەريا ئاخشىمى ھەم ئەرتە.
ئۆيۈشتۈق ئۈيغۇرۇ موڭغۇل، تۇڭگان ھەممە بىر يەرگە،
مۇڭدىشىپ ئوقۇشقىلى بولدى ئەپلىك ئۇشبۇ پۇرسەتتە،
ئۆمىدىم يۇلتۇزى چاقنايدۇ، دەپ بۇ بىر كەلگەن غەنىيمەتتە.

يېزىپتۇ ئۈچ كىتاب سۇنۇۋېن[3]بىرىكەن سەنمىنجۇيى،
خەلقچىل ھەم ھوقۇق، تۇرمۇش- بۇ ئۈچىكەن ئۇنىڭ مەزمۇنى.
ئەگەر ئاشسا ئەمەلگە بۇ، بىر قەدەر ئىشنىڭ بولغانى،
لېكىن ئەكسىنى قىلماقتا، ھاكىمى مۇتلەقنىڭ قارا قولى،
ئادالەتسىزلىككە قارشى قايىندۇق ھەر يەردە، ھەر پەيتتە.

سىلەردە ھالى ئەھۋالچۇ، ئۆزگىرىش يوق، بىر قېلىپتا تۇرغاندۇ؟
زۇلۇمنىڭ دەستىدىن ئەل - يۇرت، ۋايداد! جاندىنمۇ تويغاندۇ؟
جاھاننىڭ نېمىلىكىنى مىڭدە بىر ئادەمغۇ ئەمدى تۇيغاندۇ؟
نە قىلماق كېرەك ئەمدى، دەپ ئۆزىگە بىر سوئال قويسا بولمامدۇ؟
نەكەم بولغانلىقىن سەزمەي، يەنىلا ياتقاندۇ غەپلەتتە.

كۇرستىن يىغلىق كۈتسەڭ: كونا مۇقامى يەنە لاي، لاي، لاي،
شەيتان شىللىغا مىنگەندەك، داي - داي سوگرە ناي، ناي، ناي،
قۇرۇق گەپتىن ئەجەب بەزدۇق، قۇلاق ئاغرىدى ۋاي، ۋاي، ۋاي،
يالغانغا بولدى پەرداز چىرايلىق گەپ، بۇ يەردە هاي، هاي، هاي،
«ئىچىمىزدا بار، ئەمەلدە يوق»، پىكىر - تەلەپلەر قالدى بىر چەتتە.

سىلەرگە ماددىي خالتام يوق، مەنىۋى خالتام شۇدۇر دوستۇم،
جاهان بەك كۆپ ئۆزۈپ كەتتى، جاهالەتتە، ئۇيقۇدا ئۇيغۇرۇم،
ئۇيغىنىش ئاچقۇچى ئىزدەپ ئۇنىڭغا خېلى قايغۇردۇم،
پەن - مائارىپ ھەممىدىن ئەلا دېدىم، شۇنى ئىشقا ئاشۇرغۇم،
ھەممىڭلارغا سالامىم شۇ، قالدى گەپ بولسا، يار - يۆلەكتە.

1928 - يىل، قارا شەھەر

① بۇ خەتنى ئاپتور ئەينى زاماندا قارا شەھەرگە «سەنمىنجۇيى كۇرسى»غا بارغاندىن كېيىن ئەكبەرخانغا يازغان.
② قارا يەر — تۇرپاننى كۆرسىتىدۇ. شۇ يىللاردا بەزى كىشىلەر ئىلىم - پەنگە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىلغار پىكىردىكى زىيالىيلارغا «جەدىت»، «كاپىر» دېگەن سۆزلەر بىلەن زەربە بەرگەنلىكتىن، شائىر بۇ ئەھۋالغا قارىتا ناهايىتى غەزەپلەنگەن. «قارا يەر» دېگەن سۆزنى كىنايە ئورنىدا قوللانغان.
③ سۇنۇپىن — سۇن جۇڭشەن.

# قاملاشمىدى

ياڭ [1] ئۆلۈپ تاپتى لەھەت، بولمامدىكەن ھۆرلۈك ـ ئەرك،
بەرمىسە ھۆرلۈك ـ ئەرك بۇ ئىشلىرى قاملاشمىدى .

ئادىمى ئالماشتىيۇ، يولى، تۈزۈم ئالماشمىدى،
جىن [2] دېگەننىڭ ئىشلىرى مىسقالچىمۇ قاملاشمىدى .

ئېتى جىننىڭ ئۆزى جىن، جىننىڭ كۆنى بولغاي قىين،
ئېتىبارى بىر تىين، قىلغان ئىشى قاملاشمىدى .

ئابدۇخالىق نەرە تارت، ئەنە قالقان، ئەنە ئات،
ئۇخلاپ يېتىش بەك ئۇيات، جىننىڭ ئىشى قاملاشمىدى .

1928 ـ يىل



① ياڭ — ياڭ زېڭشىن .
② جىن — جىن شۇرېن .

## دوستۇمغا خىتاب

ھىممىتىڭدىن، غەيرىتىڭدىن ئۆل، لېكىن ئايرىلمىغىل،
ھەقلىقىن بىلگەن يولۇڭدىن جانىنى بەر، قايرىلمىغىل .
مانىئىڭ كۆپ بولسىمۇ، قورقماي ئۆزۈپ ئالدىڭغا باس،
تاغۇ تاش، دەريا ئۇلۇغ سۆزلەرگە سەن تاڭ قالمىغىل .
ئات ئۆزۈڭنى بەھرىگە، يا غەرق بول، يا تاپ گۆھەر،
شىر نە يولۋاس كەبى باسقان ئىزىڭدىن ھېچ يانمىغىل .
تۆت تەرەپ ياۋ ھۇۋلىشىپ، سەككىز تەرەپ تىغ تەڭلىسە،
ئېلىشىپ قانغا بويال، نومۇسنى ھەرگىز ساتمىغىل .
كىمكى ھەق يولغا قەدەم قويسا ئۇتۇق مۇتلەق شۇنىڭ،
بۇ نېچۈك بولغاي كېيىن دەپ، يوق خىيالغا قالمىغىل .
سەن ۋەتەن، مىللەت دېسەڭ، تارىختا نامىڭ قالغۇسى،
بول جەسۇر، ئالىي نىشان، كۆلچەك بۇلاقفا قانمىغىل .
ئابدۇخالىقنىڭ سۆزى دەپ ئېتىبار قىلماي قېلىپ،
ئۇشبۇ ۋىجدانىنى كېيىن پۇتمەس ئازابقا سالمىغىل .

1929 ـ يىل

# يېقىن بولدى

هاۋا ئۆزگەردى ئەي دوستلار، بىلەمسەن قايسى چاغ بولدى؟
ئۇزۇن ياز مەۋسۇمى ئۆتتى، بۇ زالىم قىش يېقىن بولدى .
تېخى ئۇخلاپ ئاچالماي كۆز، ياتۇرسەن نېمە بولغاندۇ؟
ئايا ئىخۋان[1] يېقىندۇر قىش، يېقىن بولدى، يېقىن بولدى .
تەۋەككۇل بىرلە ئۇخلاپ، ياخشى پۇرسەتلەر كېتىپ قالدى،
تەۋەككۇل ۋاقتى ئۆتتى، ئىشلىمەس كۈنلەر يېقىن بولدى .
ياتۇرسەن ئۇيقۇ ـ غەپلەتتە، ئۆلۈكتەك قىمىرلىمايسەن ھېچ،
تەۋەككۇل بىرلە ياتساڭ، قارا باسار تۈنلەر يېقىن بولدى .
سېلىپ ئالۋاڭ يىغىپ كەتسە، تېپىش پاختا بولۇر مۇشكۇل،
ھېلىھەم كەتتى تۇ، ئېبرخۇا كېتىش، سەنخۇا[2]يېقىن بولدى .
ھارارەت بەرمىگەي، سەنخۇا، لېكىن جايغا بولۇر دالدا،
قوپۇڭلار! بۇنىڭ كېتىشى ھەم يىراق ئەمەس، يېقىن بولدى .
قوپۇڭلار ئەي بۇرادەرلەر، ئۆلۈشكە بارمۇ مەيلىڭلار،
كىرىشكە ئاز قالدى تۇ، ئېبرجيۇ، كىرىش سەنجيۇ[3]يېقىن بولدى .
قوپۇڭ جان قايغۇسىن ئەيلەڭ، ۋاقىت ئاز بولسا ھەم باردۇر،
بۇ پۇرسەت كەتسە قولدىن، جاننى بۇ قىش توڭلىتۇر بولدى.
ئىشتمەيسەن بۇرادەرلەر، قۇلاقلار پەردىسى ساقمۇ؟
كېكىردەك جىق قىچقىرىپ يىرتىلىشقا ھەم يېقىن بولدى .

1929 ـ يىل

① ئىخۋان —— قېرىنداش .
② تۇ، ئېبرخۇا، سەنخۇا —— كېۋەزنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئېچىلىشى .
③ تۇ، ئېبرجيۇ، كىرىش سەنجيۇ —— كۈن توختىغاندىن كېيىن باشلىنىدىغان بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى چىللە .

## نه قىلاي

دوستلىرىم، يورۇمىغان زۇلمەت زامانىنى نه قىلاي،
باسقىلى بولماس تىكەنلىك بۇ زامانىنى نه قىلاي .
چەرخى گەردۇن تەسكىرى بىلمەك كېرەك يارەنلىرىم،
تەسكىرى چەرخلىق بولۇپ قالغان زامانىنى نه قىلاي .
ئەي پەلەك، ساڭا قاراپ چەرخ ھەم تەتۈر بولدى راۋان،
يول تونۇپ يۈرەلمىگەن قارىغۇ زامانىنى نه قىلاي .
نەگە بارساڭ بارچىنىڭ ئاغزىدا بار دەردى ۋەتەن،
ھاردۇقى، داۋاسى يوق، دەردلىك زامانىنى نه قىلاي .
سۆزلىگەندە ئۇشبۇ كۇندە بارچە خەلق ئاغزىدا بار،
سۆزلىسەم قەلبلىرى پارچە يارانىنى نه قىلاي .
بۇلبۇل بىلەن قاغىنى بىل پەرق قىلماس ھېچ كىشى،
بۇلبۇلى بىچارىگە زىندان جاھانىنى نه قىلاي .
بۇلبۇل ھەم ئىلاجىسىز يۈرۈر بۇ كۇندە باغ ئارا،
سامىئى[①] بۇلبۇلمۇ يوق، مۇنداق زامانىنى نه قىلاي .
ئەي پەلەك، سەندىن شىكايەت ئېيتىدۇر بۇ ئۇيغۇرى،
يەتمىسەڭ ھالىمغا سەن سەندەك زامانىنى نه قىلاي .

① سامىئى -- ئىشتكۈچى، تىڭشىغۇچى، خەۋەردار .

# ھىجران

( مۇخەممەس )

گۈل يۈزى، شېرىن سۆزى، قىلدى مېنىڭ ئەقلىمنى لال،
بىر چىرايلىقكى ئاجايىپ بىر تاماشايى جامال،
ھۆسنىگە گەپ يوق يەنە ئاندا تولۇق ئەردى كامال،
نەقش قىلمىشكى ئەجەب قۇدرەت قولى جەللۇ جالال،
سۈرىتى ھەيرەت نېشىن زېھنىمنى قىلمىش ئىشتىغال،
قالمىدى مەن خەستىدە ئەمدى قىمىرلاشقا ماجال.

ئەۋرىشىم يۇمشاقلىقى قۇندۇزغا ئوخشاش قارا ساچ،
ئاق، سۈزۈك يۈزلۈك يەنە ئالما مەڭزلىكتۇر قۇياش،
قارا كۆز يادەك مۇقەۋۋەس، يېڭى ئايدەك قارا قاش،
قۇرۇماس يادى بىلەن ئىككى كۆزۈمدە ئەسلي ياش،
ئوتىدا كۆيمەكتىن ئۆزگە تاپمىدىم ھېچبىر ئامال،
«ھىجرى دوزاختىن يامان» دەپ راست ئىكەن ئۇشبۇ ماقال.

سىنىڭ ئوتۇڭدا كۆيۈپ جىگەر - يۈرەك بولدى كاۋاپ،
قاپلىدى تېنىمنى سانجىق، كۈن - تۈنى ھالىم خاراب،
تەلمۈرۈپ يولۇڭغا قاراپ، كۆزلىرىم كەتتى قاماپ،
خاھ بىل، خاھ بىلمىگىل، قويدۇم ساڭا جاننى ئاتاپ،
تاشمىدۇ باغرىڭ سىنىڭ قىلمىغىل مۇنچە ئۇۋال،
چاقناپ چولپان، ئاتار تاڭ ئۆجۈقۇر زۇلمەت زاۋال.

نە كۈنلەر ئېردى ئۇل كۈن، جانان بىلەن مەن ئىدىم ھەمراھ،
چۈنانى ئۇل مەلىكە، تاج ـ تەخت، مەن ئىدىم بىر شاھ،
ماكانىم ھۆسنىگە يوق تەڭ، يېتەلمەس پىردەۋسمۇ ھەتتا،
جاھانغا كەتكەنىدى داڭق، كەيپلەر چۈشمىگەن ئەسلا،
ئەركىلەپ ئۆسكەنىدىم، ھەممە يەردە بىمالال،
ھەق ئاتا قىلغانىدى تارىختا چوڭ قۇدرەت، كامال .

ئايرىلىپ سەندىن ئىست! ۋەيرانە بولدى خانۇمان،
باغلىرىم دەپسەندە بولدى، چەيلىدى، يېدى قاۋان،
ھەممە يەرگە يامرىبان، بەرمەس ئارام يىلان ـ چايان،
مىسلى بولدى بىر قىيامەت، كۆز ئالدىمدا بۇ جاھان،
كەل جېنىم ھالىمغا باق، نە چارە ۋە نەدۇر ئامال،
قاتتى باشنىڭ ئىچى ـ تېشى، ئىشقىڭدىمەن ئاشفتە① ھال .

ئەي بۇرادەرلەر كۆرۈپ ھالىمنى، ھاڭ ـ تاڭ قالمىغىل،
نېمە بولدى بۇ جاھان دەپ سۆزلىمەي ھاڭۋاقمىغىل،
كەلسە قولدىن مەرھەمەت قىل، تاشقا ئوخشاش قاتمىغىل،
ۋىجدانىڭنى ئاخىر پۇتمەس ئازابقا سالمىغىل،
ئابدۇخالىق، خانۇمانىڭنى بىزەت، قولۇڭغا ئال،
«ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» قوپ باھار سازىنى چال .

1929 ـ يىل

① ئاشفتە — تازا ھاياجانلىنىش، خۇمار بولۇش، ئىشق ئوتىدا كۆيۈش .

## مەرسىيە ①

ياخشىلاردىن ياخشىراق بىر بىباھا يولداش ئىدىڭ،
مەجنۇننىڭ لەيلاسىدەك دەرىدداش ئىدىڭ، سىرداش ئىدىڭ .
بۇ جاھاننىڭ لەززىتىگە سەن ئىدىڭ تەم بەرگۈچى،
ھەم گۈزەل بىر مەنزىرە بولسا ئاڭا يەم بەرگۈچى .
جۇملە خىشۇ ئەقرىبا، خەلق ساڭا مەپتۇن ئىدى،
چوڭ ـ كىچىك ياخشىلىقىڭدىن بارچىسى مەمنۇن ئىدى .
ئاي ئىدى ئىسمىڭ سىنىڭ ئاي دېمەك لايىق ئىدى،
ئاي دېمەك بەلكى كېلىشمەي، كۈن دېمەك مۇۋاپىق ئىدى .
قىلمىدى بۇ ھالىڭا دەۋران تەھەممۇل ئاقىبەت،
سالدى ئاغرىقنى تېنىڭگە كەتتى سەندىن ئافىيەت .
ئىنقىلاب بولدى، لەتىف جىسمىڭدا چىقتى ئىختىلال،
بارچىنىڭ كۆڭلى سىنىڭ ھالىڭغا جىق بولدى مالال .
ئافىيەت بەرگىل خۇدا دەپ كىچىلەر قىلدۇق دۇئا،
ئاقىبەت قىلدى ئىجابەت ياخشى ئەكسى مۇددىئا .
ئەيلىدۇق ھەققىڭدە بىز، ھەقتىن تەلەپلەر ئۇن قېتىپ،
بولدى ھالىڭ ئۆزگىچە، كۈننىڭ بېشىغا كۈن پېتىپ .
ئىرجىئى ئايات ئىلە كۆكتىن ساڭا كەلدى نىدا،
قىلمىدىم بىر دەم تەۋەققىپ ئاقىبەت بولدۇڭ جۇدا .
ئاھىلەر، پەريادىلەر چىقتى پەلەكلەرگە بىر ئۇن،
كەلمىدىڭ قايتىپ ئەجەب، كەلمەمدۇ ھېچ رەھمىڭ بۇگۈن .
ھەقلىقدۇرسەن، چۈنكى ئالىي روھىڭغا يەر تار ئىدى،
ئالىي روھلار يەر يۈزىدە تۇرمىقى چوڭ ئار ئىدى .
يەر يۈزىدە ئەمدى سەن بىرلە كۆرۈشمەكلىك ماھال،

خاس سىنلىڭ روھىڭغا ئەمدى ياخشىلىق بىرلە ئاتال .
ياخشى ۋەسپىڭ تا قىيامەتكە قەدەر تىلدا بولۇر،
خاس ساڭا بولغان مۇھەببەت تا ئەبەد دىلدا بولۇر.
ھەم سەپەر ئەتتىڭ تەرەپپال يولدا بىزنى تاشلىدىڭ،
ئۇل ئازابلارنىڭ يامانراقى پىراقنى باشلىدىڭ .
كۆرسە مەجنۇن ئۇشبۇ ھالىمنى تىخى[2] مەجنۇن بولۇر،
ياكى پەرھاد كۆرسە ھالىمنى يامان مەھزۇن بولۇر.
سۇ بولۇر ئەھۋالىمە ھەر تاش يۈرەكلەرنىڭ ئىچى،
چىدىغاي قانداق بۇڭا زەررە مۇھەببەتلىك كىشى .
غۇنچىغا كىم ئاغرىماس، كەتسە سىچىلماستىن قۇرۇپ،
ياكى بىر ياش گۈل توزۇپ كەتسە ئېچىلماستىن تۇرۇپ .
گۈل ئىدى، كەتتى لېكىن شاخىدا خارە يوق ئىدى،
سۆھبىتىدىن ئەسلى دىلدا زەررە يارە يوق ئىدى .
تاشلىدىڭ جىسمەن گۈلۈم، روھەن ھامانە بىرگە بول،
ھەم يىراقتۇر، ھەم ئېغىر تۇرمۇشتا قالغان ئۇشبۇ يول .
بار ئىدى شائىر سۆزى: «سۇندى قاناتىم قايرىلىپ»،
توغرا چىقتى ئۇشبۇ سۆز، قالدۇق سىنىڭدىن ئايرىلىپ .
قىزغىنىشتۇر ھالىمىز تىخى يەنە تەدبىرى يوق،
ھەقنىڭ ھۆكمى بىر بولۇر، ئەسلا بۇنىڭ تەخرى يوق .
ئاپىرىن شائىر فۇزۇلى، قۇددۇسۇللا ئاپىرىن[3] ،

يېشى يىگىرمە تۆت ئىدى مەرھۇمەنىڭ ئەمدى بۇ يىل،
ئايرىلىپ قانداق چىدار، قانداق قىلار ئەمدى بۇ دىل؟
مىڭدە ئۈچ يۈزدۇر قىرىق توققۇز بۇ گۈل سولغان سەنە،
ئەمدى كەلمەس بۇ جاھانغا، بۇ سۈپەتلىكتىن يەنە .
ماھى زۇلقەئىدىگە ئون يەتتە ئىدى ماتەم كۈنى،
شەنبە كۈنىنىڭ چىقىشى، يەكشەنبە كۈن كىرگەن تۈنى .
ياش ئېلىپ كەتتى خۇدا، بەك قىسقا قىلدى ئۆمرىنى،

جەننەت ئىچرە ئەيلسۇن ئالتۇن سارايدا ئورنىنى .
بەندىلىك بىرلە ئەگەر بولسا ئۇنىڭدا مەئسىيەت،
سەن غەفۇردۇرسەن خۇدايا ئەيلىگەيسەن مەغپىرەت .
قىل ئىجابەت ئۇيغۇرۇڭنىڭ دۇئاسىنى ئەي خۇدا،
روھىنى شاد ئەيلىگىل، بەرگىل ئاڭا خەيرۇل جازا .



① بۇ مەرسىيىنى شائىر رەپىقىسى ئايىمخاننىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ يازغان. خەلق ئىچىدە ساقلانغان يازما مەنبە بويىچە ئېلىندى .

② يەنە بىر ۋارىيانتىدا «يەنە» دېيىلگەن .

③ بۇ بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسى مەنبەدە ئېنىق ئەمەس . بۇ يەردە ئاپتور ئەزەربەيجان شائىرى فۇزۇلىنىڭ «مۇھەببەت بىر بەلادۇر كىم، گىرىپتار بولمىغان بىلمەس» دەپ باشلىنىدىغان غەزىلىگە ئىشارە قىلسا كېرەك .

# بىۋاپا[1]

ھېچ كىشى مەندەك يەنە بۇ دەردكە دۇچار بولمىغاي،
كۆڭلى قارا بىۋاپاغا ھېچنېمە كار قىلمىغاي .
بولسا بولغاي مىلك بالاغا مۇپتىلا، ئەمما ـ لېكىن،
تاش بېغىرلارنىڭ ئوتىغا ئەسلا گىرىپتار بولمىغاي .
ئىشق ئوتىدا كۆيگۈچە خۇمداندا كۆيگەن ياخشىراق،
بىۋاپا يارنىڭ ئوتى دوزاختا بولغاي ـ بولمىغاي .
كۈن ـ تۈنى ھېچ ئۇيقۇ يوق، كۆيۈك ئازابى قىيندى،
تەلۋە بولدۇم يا ساراڭ، ھالىمغا باققاي ـ باقمىغاي .
يارسىز ھەر مەنزىرە كۆڭلۈمگە خۇشياقماس مېنىڭ،
مەجنۇنى دەشتنى كېزىپ، لەيلانى تاپقاي ـ تاپمىغاي .
بىر كۆرۈپ قالدىم نەكۈن، ئىككىنچى نېسىپ بولمىدى،
ئۈز ئۈمىد دېسەم كۆڭۈلگە، تېخىمۇ يالتايمىغاي .
بىۋاپا، كۆڭلى قارا نە بولدى يارىم دېمىدى،
ئۆمۈر باھارىم پەسلى كۈز، يامغۇرى ياغقاي ـ ياغمىغاي .

بۇ شېئىرنىڭ مىلادىيە 1946 ـ يىلى (مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 1 ـ ئاي) كۆچۈرۈلگەن تۈرپاندىن تېپىلغان يەنە بىر نۇسخىسىدا مۇنداقمۇ يېزىلغان :

ھېچ قىيىن ھىجران ئوتىدىن يامانراق بولمىغاي،
ھېچ كىشى مەندەك يەنە بۇ دەردكە دۇچار بولمىغاي .
مەن يانارمەن ئۆرتىنىپ، تەندە جاي تاپتى ئوتى،
يانغانىمدىن، كۆيگەنىمدىن بىر خەۋەردار بولمىغاي .
داد ـ پەرياد تۈنلىرى بولدى ئىشىم، بارمۇ ئىلاج،

ئاھ، تەبىئەت مۇختەلىپدۇر دەردكە دەرمان بولمىغاي .
يوق گۇيا ئەسلي چىرايلىقتا دېگەن سۆزدۇر قەدىم،
چۈنكى، مەغرۇر كۆڭلىدە ئاجىز غېرىبلەر بولمىغاي .
بىر تەرەپتىن چىقتى شامال، بىر لەتىف خۇشبۇي شامال،
تاڭ سەھەردىن باشقا چاغدا بۇ شامال ھېچ بولمىغاي .
ئەتتى خۇشبۇيى دىماغنى كۈن ۋە تۈن ھەم مۇتتەسىل،
ئەتىر - ئىپار بۇيى ھەم لېكىن بۇ قىسمەت بولمىغاي .
ئەي شامال، غېرىب سالامنى يەتكۈز سەن ھامان،
ئىشقىدا ئاز قالدى جان، كۆپ ئانچە غاپىل بولمىغاي .
ئابدۇخالىق ئوتتا كۆي يا سۇدا ئاق، ۋەسلىگە يەت،
چىن يىگىت ئېيتقان سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن يانمىغاي .



① بۇ غەزەل خەلق قولىدا ساقلانغان كۆچۈرمە نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

## ئۈمىد كەبەم

يار ئوتۇڭدا مەن يېنىپ،
كۆيدۇم، قىزىل چوغ بولدۇم .
بۇ ئوتقا مېنى تاشلاپ،
جانان قايان يوق بولدۇڭ .

ھەر كېچە تاڭ ئاتقۇچە،
يادىڭ بىلەن مەن ئويغاق .
ئاسماندىكى يۇلتۇزلار،
بۇ ھالىم ئۈچۈن ئايغاق .

بىرمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
مەلۇم بولمىدى ھالىم،
ئەندىشىمۇ قىلماسەن
تۇتمىسۇن دەپ ئۇۋالىم؟

كەتكەندە كۆزۈڭ بىلەن،
ھەم تاتلىق سۆزۈڭ بىلەن،
سۇغىرىپ ئېلىپ كەتتىڭ،
يۈرىكىمنى ئۆزۈڭ بىلەن .

باردىڭ ئۇنتۇلۇپ قالدۇق،
يولۇڭغا قاراپ قالدۇق،
دادا! دەپ ئىشقىڭدا ئەمدى،
پەرياد نەغمىسىن چالدۇق .

يار دەردىڭ ئۈچۈن پەرياد،
تۈنلەردە چېكىپ ۋايداد .
ئاھىم قىلمىدى تەسىر ،
ۋايدادىم، ساڭا ۋايداد ! ...

ئەي مېنىڭ ئۈمىد كەبەم،
ئېچىلماسەن ئەلەم چەكسەم،
چىقتى يەنە ئاۋازى،
ئېلىپ سازىمنى چەكسەم .

كەلتۈر يادىڭغا جانىم،
قىل خەۋەر تۇرغان جايىڭ،
بۇ بىچارە غېرىبىنى،
سالما ئازابقا دائىم .

ئۇيغۇر زار - زار قاقشار،
ۋاپا قىلمىغاچ ئۇل يار،
قەپەستىكى بۇلبۇلدەك،
ھەسرەت - ئەلەمىم ئارتار.



# روزى موللغا[1]

روزى موللا، سەنمۇ ئادەم،
توۋا قىل، ئەسلىڭگە يان!
چۈنكى بولدى، سەن يۆلەنگەن
تاش داۋانىڭ قۇم داۋان .

ئەسكە كەلتۈر، خەلقىمىزگە
نى زۇلۇملار ئەيلىدىڭ .
قىلما ئۈمىد، تۇتما ماتەم،
ئەمدى كەتتى شۇل زامان .

سەن زالىم بولساڭ خەلققە،
زۇلۇم سىلىپ تىنمىدىڭ .
زار قاقشىتىپ خەلقنى،
قىلچە رەھىم قىلمىدىڭ .

ھەر كۈنۈڭنى كەچ قىلالماي
لالما ئىتتەك قانسىراپ .
ئاخىرەتكە بارغىنىڭدا
كۆرەرىڭنى بىلمىدىڭ .

جىن شۇرىندىن كەلسە بۇيرۇق،
بىر خىراجەت توغرۇلۇق .
سەن بىرىنى يۈز قىلىپ،
ھەركىمگە مىڭ سەر چاپلىغان .

كىم ئۇنى چاپسان تۇگەتسە،
چىقۇر دوزاخ ئاستىدىن .
بولمىسا سەن شەپقەت قىلماي،
پۇت - قولىنى باغلىغان .



① بۇ شېئىرنى شائىر ئامبارچى روزى موللىنىڭ دەرۋازىسىغا چاپلاپ قويغان. روزى دېگەن بۇ ئادەم ئەينى يىللاردا خەنزۇچە ئوقۇغان ۋە ياملىنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىنىڭ ئاشلىق تاپشۇرۇپ ئېلىش ئىشىغا مەسئۇل بولغان. دېھقانلار يامۇلغا تاپشۇرىدىغان ئاشلىقنى بۇ كىشى ئار قىلىق ئۆتكۈزەتتى. لې- كىن، بۇ كىشى بىر گە بىر ھەسسە قوشۇپ ئالاتتى. شائىر ئۇنىڭ ھەددىدىن ئاشقان خىيانىتىگە ۋە ئېغىر جىنايىتىگە قارىتا يۇقىرىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشنى يازغان .

# ئىستىمەس

ئەي يارىم، ھىجرىڭدە كۆڭلۈم ئىنتىلىشنى ئىستىمەس،
مەن خىتاب قىلسام ۋەتەنگە ئىزدىنىشنى ئىستىمەس .
ئوت بولاتتىم، تولغىناتتىم مەن يېنىپ چاقماقسىمان،
ئەل ئېغىر ياتقۇدا بولدى ھەم بىلىشنى ئىستىمەس .
ئۇ ئۇزۇن، بۇ قىسقا دەپ ھاۋشىپ يۈرىدۇ بەزىلەر،
ئوغرى تەگسە ئۆيدە مالغا ئىز تېپىشنى ئىستىمەس .
ئېھتىياجاتى ئۈچۈن سەن بىر كېڭەش بەرسەڭ ئەگەر،
بىز بىلۇرمىز دەپ تۇرۇپ ئىجرا قىلىشنى ئىستىمەس .
ھام[1]نىڭ ئەۋلادى بۇ كۈن قۇللۇقتا بىرى قالمىدى،
ئۇيغۇر ئەۋلادى بۇنى ئەسلا سېزىشنى ئىستىمەس .
يەپ زەھەر بولدى كېسەل، ئەھۋالىدا كۆپتۇر خەتەر،
مىللىتىم جان چىقسىمۇ داۋالىنىشنى ئىستىمەس .
باشقىلار پويىز، پاراخوتتا ساياھەتلەر قىلۇر،
بىزگە كەلسە بىر قوتۇر ئېشەك مىنىش ئاسان ئەمەس .
ئىزدىدى ھۇما[2]قۇشنى كۈندە كۆكلەرگە قاراپ،
ئىستىگەنلەر بېشىغا ھۇما قونۇشنى ئىستىمەس .
مىللىتىم تارتقان ئازابىغا كۆڭۈل قانداق چىدار،
ئەل غېرىب ئىگرايدۇ ئەمما تەۋرىنىشنى ئىستىمەس .

ئابدۇخالىق قىل سۇبات، ئىزدە سىراتەلمۇستەقىم[3] ،
بۇ سۇبات بار يەردە كۆڭلۈم ئۇ ھۇمانى ئىستىمەس .

1930 ـ يىل



① ھام -- ياۋروپادىكى مىللەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ .
② ئەپسانىلەردە ھۇما قۇشى دېگەن قۇش پەلەكتە پەرۋاز قىلارمىش. قۇشنىڭ سايىسى كىمـ-
نىڭ بېشىغا چۈشسە، شۇ كىشى پادىشاھ بولارمىش .
③ سىراتەلمۇستەقىم -- توغرا يول .

# كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس

مەنزىلى مەقسەت ئۇزاق، تېز ماڭمىدى مىنگەن ئۇلاغ،
تاش قۇراملىقتا مېڭىپ، ئاسقاپ يامان بولدى ياداپ .

ئازغىنە بىر ئىستىراھەتنى قىلاي ھاسىل دېسەم،
ھېچ ئارام بەرمەس ماڭا تۆت تەرەپتىن ئىت قاۋاپ .

گاھى ئوخشارمەن مۇھىت ئاتلاسىدا بىر كېمىگە،
تاغ كەبى دولقۇن ئىچىدە خەس كەبى ھالىم خاراب .

بىر چۆكۈپ بىر چىقىمەن، تۇنجۇقۇپ بىر تىنىمەن،
كۆرۈنەر ساھىل قاچان، دەپ كۆزلىرىم كەتتى قاماپ .

ھەققە باغلىدىم دىلىمنى، ئىشقا سالالماي تىلىمنى،
زوقلىنىپ سوقۇر يۈرەك، مىڭ پارە قىلسىمۇ چاناپ .

جان ئۆلۈم خەۋپىدە قالدى، كۆزلىرىمدىن ياندى ئوت،
ئۆلمىسەم غازى ئەگەر، ئۆلسەم شېھىتلەردىن ھېساب .

ئېقى ئاق، قارىسى قارا، ھەرگىزمۇ ئاق بولماس قارا،
ئاجرىسۇن مىستىن تازا ئالتۇن كۆيۈپ ئوتتا چىداپ .

كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك،
ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق، ھەر جانغا بولسۇن شۇ خىتاب .

1930 ـ يىل

# كۆڭۈل خاھىشى

تاغ ئېگىزلىكتىن چىقارماس ئات، مەگەر ئۇ كان بىلەن،
سۇ تېرەنلىكتىن چىقارماس نام ـ شۆھرەتنى مارجان بىلەن .
تۇرمۇشۇم، تۇرغان ئۆيۈم ئاۋۋال قاراشقا بەك تۆۋەن،
تۆت تەرەپكە تارتتۇر خۇش ھىد مەگەر ۋىجدان بىلەن .
سۆزلىشىشكە، سىردىشىشقا چىن يىگىت، مەردلەر كېرەك،
قىلمىغايمەن ئاشنالىق ئەقلى كور نادان بىلەن .
قاپقاراڭغۇ تۈندە ـ يالغۇزلۇقتا ھەمراھدۇر چىراغ،
ھەر تەرەپكە نۇر چاچۇر ئىلمى ھەم ئېرپان بىلەن .
شۇندا كۆز ئالدىمدا ئايان تاغۇ ـ دەريا، گۈل ـ چىمەن،
تۇپرىقى كۆزلەرگە سۈرمە، تەرىپى داستان بىلەن .
تولغىنىپ ئىڭرايدۇ ئەل ـ يۇرت زالىمنىڭ زۇلمىدىن،
چىن يىگىتلەر، ئەزىمەتلەر قۇتقۇزۇر ئىمكان بىلەن .
ھەم سىياسەت تەشۋىشى كۆڭلۈمنى رەنجىتمەس مېنىڭ،
ھېچقاچان ئادەم يېڭىلمەس، ئېلىشىپ ھايۋان بىلەن .
كۈنۈ تۈن ھېچ ئۇيقۇ يوق، ۋىجدان ئازابى يەنچۇ،
ئەلنى ئويغاتماق تىلەك، تاڭدا بىر چۇقان بىلەن .
مەن زېرىككەندە قەلەم ئەڭ ياخشى بىر سازىم مېنىڭ،
ئېيتىڭىزچۇ، ئۇشبۇ تۇرمۇش تەڭ ئەمەسمۇ خان بىلەن .
ئابدۇخالىق ئۇشبۇ يولدىن قايتما باشىڭ كەتسىمۇ،
ئەلنى قىل غەمدىن خالاس قىلچىنى بوياپ قان بىلەن .

1930 ـ يىل

## كۆردۇم

قۇياش چققانغا كۆپ بولدى،
پۈتۈن دۇنيادا كۈندۈزدۇر.
ۋه لېكن بزنڭ شنجاڭنى
قۇرۇمدەك قاپقارا كۆردۇم .

1930 ـ يىل



# ئارمان ①

ئەي گۈلۈم كەلگىل يېقىن، لۇتفىڭ ماڭا دەركاردۇر،
شائىرلىك بىسيار خەتەردە ھەم ئۆزى بىماردۇر.
ئىشق كويىدا مېنىڭ ھالىم يامان، بولدى يامان،
مۇنچىلىك ئاۋارە قىلغان ئاي يۈزۈڭ رۇخساردۇر.
مۇمكىن بولغايمۇ سېنىڭ ئىشقىڭدا ھېچ يالتايمىقىم،
بۇ خىيال مىڭ كەررە ئۆلمەكتىن يامانراق كاردۇر.
بىر بېقىپ، ئىككى قاراپ ئوتقا گىرىپتار ئەيلىدىڭ،
ئەمدى باقمايسەن قاراپ، باقسام دىلىڭ ئەغياردۇر.
ساڭا لايىقمۇ غېرىب بىچارىگە قىلماق جاپا،
قىلىقىڭغا جان پىدا، كەيپىم ئەجەب خۇماردۇر.
سەن بۇ دىلنى خەستە قىلما، ھېچ كېلىشمەيدۇ ساڭا،
زۇلمى قىلماقلىق ساڭا ھېچبىر يېپىشماس ئاردۇر.
قىلما ناز جانىم چىقار، بابۇ كەرەم ئاچقىل ماڭا،
قان خەتەرلىك خەۋپىدە، كۆڭلۈم تەلەپ دىداردۇر.
بىر كۆرۈپ ئۆلسەم يۈزۈڭنى مەندە ئارمان قالمىغاي،
كەلمىگەي تەرىپكە تىل، كۆڭلۈم بەسى ئاۋاردۇر.
ئاڭلىغاچ بۇ زارىنى ئىنساپقا كەلگەيمۇ پەرى،
چۈنكى ئاندا بىر مجەز بار، زالىمى خۇنخاردۇر.
كۆيگىنىم گۇناھ بولۇپ، دوزاخقا كىرسەم ئاقىبەت،
دوزاخ ئىچرە سەن ئۈچۈن كۆيمەككە جان تەيياردۇر.
ئىستىگەننى ئىستىمەيدۇ بۇ كۆڭۈلنىڭ خاھىشى،
ئىستىمەسنى تولا ئىستەپ يىگىنىم ئازاردۇر.

ھەقىقەت لازىسى ئاچچىق، سەپەر مۇشكۇل، يول ئۇزۇن،
ئاقسا قان، كېسىلسە باش، دىدار تەلەپ قارارىدۇر.
ئابدۇخالىق قىل پىدا جان، بەلباغنى ئالماپ ئىككى چىگ،
«جاندىن كەچ جانانغا يەت» بۇ بەكمۇ ئەلا چارىدۇر.

1930 ـ يىل

① بۇ شېئىر «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. مەزكۇر نۇسخا خەلق قولىدا ساقلانغان يازما مەنبەدىن ئېلىندى.

# دەردى دەۋران

**(مۇخەممەس)**

ئۆتۈرمۇ بۇ ئۆمۈر، ئەپسۇس، ئارمانى نادامەتتە،
تېپىلماس شادلىق شەخس، ئۇمۇمەن، ھېچ ئالامەتتە،
قايان بارسام، قايان باقسام، ئۇمۇمەن ئۇشبۇ ھالەتتە،
نە يەڭلىغ مەنپەئەت باردۇر، بۇ يەڭلىغ ئىستىقامەتتە ،
چۈشەندۈرگۈچى يوقمۇ بۇنى دەۋرى جاھالەتتە .

زۇلمى ھەججاجدىن[1] ئېشىپ، قىلدى زۇلۇم ئۇست ـ ئۇستىگە،
ئاسارەت خورلۇقى، قوللۇق ئىزاسى كۆندە يۈز تۆگە،
بۇيار جەبرەن ئاقارغان يۈزنى كۆرسە دەر ملار[2] كۈگە[3] ،
بىرى ـ بىرىگە ياردەم بەرمىدى بۇ تەندە ھەر ئۇگە ،
يېتەر زالىمنىڭ زۇلمى، ئۆتتى جانىمغا ناھايەتتە .

ئەقىلسىزلىق بولۇپ سەنئەت، ھامانە پەيزى ئەھلى خار،
پەلەك ھەم ھەر زامان ئۇشبۇ ئەقىلسىزلەرنى كۆپ ئاسرار،
ئەقىلسىزلەر تېپىپ قۇۋۋەت جاھان ئاسايىشىن بۇلغار،
«كوزا سۇندۇرغان ئەزىزۇ، سۇ كەلتۈرگەن خار ـ زار»،
لېۋىمنى چىشلىبان «خەپ!» دەپ تۇرارمەن جىددىي قىياپەتتە .

زامانە زورۇ زومبۇنىڭ، تاماشا ھەم راسا كورنىڭ،
خېرىدارنى خۇش قىلدى ياراپ مالى تۆھمەتخورنىڭ،

مەردكە چاپلىماق بوھتان كەسپىدۇر قەسەمخورنىڭ،
هامان تەتۈرىسىگە ماڭدى پەلەك «پېشانىسى شور»نىڭ ،
خەپ! ياقاڭدىن ئالمىسام، ئالۇرمەن تاڭلا، قىيامەتتە .

نەقىلاي، ئەي ئاداش، بەر مەسلىھەت، كېڭەشەيلى بىز ،
زۇلۇم زەنجىرىن ئۈزۈپ ـ پاچاقلاپ، مېڭەشقا يول ئاچايلى تېز ،
دېدى: «تەقدىر ئىلاھى شۇ ، بەندە قولىدىن ئىش كەلمىگەي ھەرگىز»
دېدىم: «ناھەقنىڭ ئالدىدا ھەققانىيەت قانداقمۇ پۈككەي تىز»
ئۈيۈشۈپ بىر يەرگە باش قوشماي ئۆتتۈر كۈنلەر جاھالەتتە .

ئەزەلدىن ئۇيغۇر، ئىقبالىڭ سېنىڭ شۇنداق قارا كەلدى،
يۈرەك بۇ دەمگىچە ساقسىز ، جاراھەتتە يارا كەلدى،
نېمانچە كۆتۈرەلمەسلىك ئەلەملىك ماجىرا كەلدى،
ھەق ئۈچۈن ئاچساڭ ئېغىز ، كۈندە مىڭ بالا كەلدى،
تېخىمۇ باغلىبان بەلنى داۋالاپ دەردنى، ياشا سائادەتتە .

① ھەججاج -- مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە ئەلگە زۇلۇم قىلىپ زالىم ئاتالغان پادىشاھ ھەججاج ئىبنى يۈسۈپ .
② دەر مىلار -- دەرھال سۈۋاش، دەرھال مىلەش .
③ كۈگە -- قازاننىڭ كۈيىسى .

# پەيزى بار[1]

قارا چايدا خاسيەت،
باش ئاغرىقى دەپئى بولۇر.
ئىچسلە قۇۋۋەت بېرىپ،
تەر چىقىرىشقا پەيزى بار.

بۇ كۆمۈر قارا نىمە،
كولاپ ئالۇرلەر خاڭدىن .
دەپئى بولغايلەر زىمستان،
بۇ كۆمۈرنىڭ پەيزى بار.

ئاق بۇلۇت ئۆرلەپ مانا،
تۇتتى پەلەكنىڭ مۈلكىنى .
قارا بۇلۇت ئۆرلىسە،
يامغۇر يىغىشقا پەيزى بار.

قارا ئەڭگىرما[2]شىپادۇر،
يېسە ئەگەر قۇۋۋەت بېرۇر.
قىرىلار يېسە ئۈنى،
پىشاپ تۇتۇشقا پەيزى بار.

① بۇ شېئىر 1947 ـ يىلى تۇرپاننىڭ يار مەھەللىسىدىكى خەلق ئەلنەغمىچىسى بۇرھان ئاكىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان. ئەسلى ئون كۇپلېت ئىدى، قالغانلىرى يوقىلىپ كېتىپ مۇشۇ تۆت كۇپلېتلا ساقلىنىپ قالغان. بۇرھان ئاكا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن زامانداش ئىدى .

② قارا ئەڭگىر -- تۇرپاننىڭ قارا سايۋا ئۈزۈمى .

# ئايلناي

بىر كۆرۈپ ئىككى كۆزۈڭدىن،
ئۆچ بېشىڭدىن ئايلىناي .
تۆت كۆرۈپ قانداق چىداي،
جاندىن كېچىپ بەش ئايلىناي .

ئالتە كۆرسەم مەن بويۇڭنى،
يەتتە تۈرلۈك دەرد بىلەن .
سەكرىبا سەككىز بېرىپ،
توققۇز بېشىڭدىن ئايلىناي .

ئون قېتىم كۆرسەم بويۇڭنى،
مەن يۈگۈردۈم ئاھ ئۇرۇپ .
ئوتتۇز ئەيلەپ مەن پىغان،
قىرىق بېشىڭدىن ئايلىناي .

بولسا دۈشمەن ئەللىك ـ ئاتمىش،
مەنكى مەن بىچارىگە،
قىلسا سەكسەن پارە مەن،
توقسان بېشىڭدىن ئايلىناي .

يۈز كىشى دۈشمەن بولۇپ،
گەر ئىككى يۈز تۇرسا قاراپ .

ئۈچ يۈز ئەيلەپ مەن پىغان،
تۆت يۈز بېشىڭدىن ئايلىناي .

باشىمە بەش يۈز قىلىچ،
گەر ئالتە يۈز تىغ تەگلىسە،
يەتتە يۈز پەرياد ئۇرۇپ،
بىر مىلىڭ بېشىڭدىن ئايلىناي .



# چىراغ[1]

تۈننى كۈندۈزدەك قىلۇر خۇددى گۆھەر بۇ چىراغ،
نۇرىنى ئالغان قۇياشتىن نۇرى جەۋھەر بۇ چىراغ .

قاپقاراڭغۇ تۈندە نۇرىنىڭ مەنبەئىدۇر بۇ چىراغ،
تۈندە يول تېپىپ مېڭىشنىڭ مەشئەلىدۇر بۇ چىراغ .

تۈندە قەلەم تۇتقىلى بولماس يوقالسا بۇ چىراغ،
قانچە يازسام شۇنچە قايىنار، دەرد تېگىدىن ئىشتىياق .

ئابدۇخالىق كۈن ـ تۈنى ئۇيقۇدىن بىدارىسەن،
خۇددى بىر پەرۋانىسەن، كەتمە ھامان نۇردىن يىراق .



① بۇ شېئىر شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئۆيىدىكى لامپا شىشىگە كىيدۈرۈلگەن قەغەزگە يېزىلغان نۇسخىدىن كۆچۈرۈلگەن .

# يامان بولدى

ئېزىلدى يار دەردىدە يۈرەكلەر پارچە، قان بولدى،
كۆزۈمدىن كەتتى يار، گويا ماڭا ئاخىر زامان بولدى.
پەلەكنىڭ دەستىدىن پەرياد، مېنىڭ يارىم قايان بولدى،
قېلىپ سەھرادا يالغۇز، ۋاي، ئىشىم ئەمدى يامان بولدى.

جېنىمنىڭ دەردىدە بولدى كۆڭۈللەر غەم، ئەلەم كانى،
يوقالدى بۇ كۆڭۈلنىڭ ئۇ ئىشەنگەن ماھى تابانى.
بولۇرمۇ ھىممىتى ۋىجدان بۇ ئىشتا دەردى، دەرمانى،
قېلىپ چۆللەردە يالغۇز، ۋاي، ئىشىم ئەمدى يامان بولدى.

ئېغىر بىر دەرد ئىكەن يارنىڭ پىراقى، كۆيۈكى ھىجران،
خىيالى، پىكرى يادىدا كۆيۈپ جان قالمىدى دەرمان.
جېنىمدىن ئاجرىغان كۈن بۇ تىرىكلىك بولدى بىر ئالۋاڭ،
قېلىپ چۆللەردە يالغۇز، ۋاي، ئىشىم ئەمدى يامان بولدى.

كۆڭۈلدە يارنىڭ دەردىدىن، غېمىدىن باشقا بىر ئىش يوق،
قادالدى ھەر كۈنى ئۇشبۇ يۈرەككە يۈز تۈمەن مىڭ ئوق.
ئەجەبمۇ بىچارە بولدۇم مەن، لېكىن ئەسلا ئىلاجىم يوق،
قېلىپ سەھرادا يالغۇز، ۋاي، ئىشىم ئەمدى يامان بولدى.

## بەر مەدەت[1]

دىلىم خەستە ھەم يارادۇر،
ئەي ھەكىم قىلغىل داۋا.
ئۆچسۇن ئۆمرۈمدىن ئەلەم ـ دەرد،
ھاجىتىم قىلغىل راۋا.

سەن ئەگەر ئەتسەڭ داۋا،
تۇگەر يىغانىم بىگۇمان.
شىپايىڭ مەلھەم بولۇپ،
كىرگەي ۋۇجۇد، بۇ تەن ئارا.

ئاختۇرۇپ ئالەم قۇچاغىن،
ساڭا چۈشتى كۆزلىرىم.
ساقايتقىن كۆڭلۈم ياراسىن،
بەر نىجات، بەرگىل شىپا.

ساڭا ھاجەتمەن بۇ ئۇيغۇر،
دەردىگە تاپسۇن فارىغ[2].
ئۇمىدىن قالدۇرما يەردە،
بەر مەدەت، بەرگىل شۇرا[3].

① بۇ شېئىر مۇھەممەد زەيىدى ئارقىلىق چەت ئەلدە ئېلان قىلىنغان نۇسخىدىن ئېلىندى.
② فارىغ — قۇتۇلماق.
③ شۇرا — ئازادلىق، ھۆرلۈك.

# ئىللە كىم كۆتە ...[1]

ئۇل سۆيەلگەن، ئويغا تالغان،
ئاندە بىلىمىم نى كۆتە .
نەرسە سۈيلى ئىشتىلمى،
ئىرنەن ئۇل تىك سىلكىتە .

بىر قاراماقچى بولا،
تاغى دە پوسماقچى بولا .
بىر ئورۇندا ئەيلەنە،
ئايلار ئۆتە ھەم يىل ئۆتە .

قىزغانام بىك تۇرلى ئوي،
بىرلەن يوۋاتماقچى بولام،
بىر يوۋاتماسدان ھەمان،
مەجھۇل بىلىنمەس سىر كۆتە .

سىر كۆتە ئۇل ئىللەنىندى،
قورقىنجلى سىر كۆتە .
ئۇل كۆتەدە ئۇل كۆتە،
دىب ئىللە بىلبىم ئۇركىتە .

سايرىدى ساندۇغاچ ھەماندا،
ئىم، ماتور تاۋشى ئانىڭ .

بىردە ئۇل سالمى قۇلاق،
زېھنندە ئىللە كىم كۇتە .

كۆردى ئۇيغۇر ھالىنى،
قىزغاندى چەندان يىغلادى .
بىك ئەجەب شۇنىسى لېكىن،
بىلمىم نىگەدۇر كېمىستە .



① ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ شېئىرى تاتار تىلىدا يېزىلغان. ماۋزۇسى تۈزگۈچى تەرىپىدىن قويۇلدى .

## باغ ئارا سەيلە قىلىپ[1]

باغ ئارا سەيلە قىلىپ،
بىر دەستە گۈل تالLىدىم .
دەستە گۈللەر ئىچىدىن،
بىر قىزىل گۈل تاللىدىم .

سايرىدى نەچچە بۇلبۇل،
خۇشلىنىپ، خۇشلاندۇرۇپ .
شۇنچە بۇلبۇل ئىچىدىن،
بىرلا بۇلبۇل تاللىدىم .

تاللىغىنىم گۈل ئەمەس،
سۆيگەن گۈزەل يارىم مېنىڭ،
بۇ گۈزەل يارىم ئۈچۈن،
بولسۇن پىدا جانىم مېنىڭ .

① ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ شېئىرىنى ۋە يۇقىرىقى تاتارچە شېئىرنىڭ قولىيازمىسىنى مۇھەممەد زەيىدى 1930 ـ يىللاردىن بۇيان ساقلاپ كەلگەن.

## بەر جاۋاب

قانچىلار ياتسا بۇلۇڭدا ئارىسىز ئەيپۇن شوراپ،
قانچىلار شوپاڭدا ئىچسە مەست بولۇپ خەمرە ـ شاراب .
ئەي چىراغۇ، ئەي ھاراق، بارمۇ نومۇس، بەرگىل جاۋاب؟
سەن بىلەن بولمامدىكەن، بۇ ھالىمىز زەبۇن، خاراب؟

كەلدى دەپ مېھماننى ئاڭلاپ، ۋاي ئىسست كەيقالغىنىم،
ماڭا ئۆلۈم بۇ ھاراغا تەڭ شېرىك بوپقالغىنىم،
تۇرغىنىمدىن ياخشىراقتۇر، ئۆيگە كىتىپ قالغىنىم،
ئابدۇخالىق ئولتۇرۇپ، ھېچ تاپمىغاي مۇندا ساۋاب .

1932 ـ يىل



# مەرسىيە[1]

ئەي پەلەك بۇ جەبىر ـ زۇلمۇڭغا چىدارىم قالمىدى،
قالمىدى سەۋرىم مېنىڭ تاقەت ـ قارارىم قالمىدى.
ئەي تەبىئەت ئادىتىڭدىن تاشقىرى قىلدىڭ زۇلۇم،
بۇ زۇلۇمنىڭ دەستىدىن تەندە مادارىم قالمىدى .

بىز چىقاردا سالمول ئەزائىدىن قالغان دادام،
بىز يىنىپ كەلگۈنچىلىك تېنىدە ھەم جان قالمىدى.
بىز ئۇرۇمچىدە ۋاقىت ئاغرىق ئىدىڭ، قىلدى خەۋەر،
ئاڭلىبان سائەت تۇرۇشقا بىزدە ئىمكان قالمىدى .

يۈرمىدى ئاپتوموبىل يا چىقمىدى بىزگە قانات،
...[2]
نەزىرىگە ئۇلگۇرۇپ كەلدۇق ئەلەملەر ئىچىدە،
... كۆرگەن زامان جانىنى قويار يەر قالمىدى .

يىلدىن ئاشقان ئەردى ئوڭ يانىمدا يەل بار دېگىلى،
بۇ يىلىگە قىلمىغان دۇنيا داۋاسى قالمىدى.
ئاھ ئۇرۇپ، پەرياد چېكىپ، مىڭ نالە قىلساق تەلمۈرۈپ،
ئەكس سادا يوق قەبرىدىن ھېچبىر نىداسى بولمىدى .

ھەر كۈنى قەبرەڭدە مەن قۇرئان تىلاۋەت ئەيلىسەم،
ئەمدى بىزگە، سەندىن ئۆزگە قىلار مۇرۇۋۋەت قالمىدى .

... شۇل سەۋەبلىك ئىچرە قالدۇق باش ئېگىپ،
سەن كېتىپ دۇنيادا بىزگە زەررە لەززەت قالمىدى .

پاتىمە، مەريەملىرىڭنى تاپشۇرۇپ بىزلەرگە سەن،
ئۇشبۇ دۇنيادىن كېتەردە سەندە ئارمان قالمىدى.
ماڭلىيىڭدىن تەر تۆكۈپ تاپقان سىنىڭ مۈلۈكلىرىڭ،
ئۈچرىدى زور بالالەرگە يۇرتۇمدا بوستان قالمىدى .

بۇ خەۋەرلەرگە ئۆزۈڭ سەۋر تەھەممۇل ئەيلىدىڭ،
بۇ گۈزەل سەۋرىڭ سىنىڭ بۇ يۇرتتا بىر جان قالمىدى .



① بۇ مەرسىيىنى ئابدۇخالىق دادىسى (ئورتاق ئەدەبىي تىل بويىچە بوۋىسى)نىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ يازغان. شائىرنىڭ ئىنىسىنىڭ ئايالى تۇردىخان ھەدە يادقا ئېلىۋېلىپ، ساقلاپ كەلگەن . شېئىر تۇردىخان ھەدىنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بويىچە رەتلەندى .

② بۇ بىر قۇر ئۇنتۇلۇپ قالغان .

## رۇبائىي ۋە پارچىلار

ئاياغ ــ قوللارنى مەھكەم
باغلىمىش ئارغامچىنى قاتلاپ،
تىرەن يار چېتىگە كەلتۈردى،
چۈشسۇن دەپ ئاياغ ئاتلاپ.

*

سەن ئۆلۈك دەمسەن مېنى،
مەن ئۆلمىدىم تېخى تىرىك.
بىر مىسال بار: «ئىشەنگەن
تاغ ئارا ياتماس كېيىك.»

سەن ئىشەنگەن تاغلىرىڭ،
پايدا بەرمەيدۇ ساڭا.
تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن،
زارى يىغلايسەن ماڭا.

*

نېچۈك ئەھۋالدادۇر مىللەت،
ئۇيغۇر ئەۋلادى ئېچىلىڭ كۆزنى.
قىلىڭ غەيرەت، قىلىپ ھىممەت،
قوپۇڭ، تاشلاپ قۇرۇق سۆزنى.

قىلىپ تاقەت زىلىل خارلىق،
يىتىپ كەلدۇق بۇ چاغلارغا .
كېلىپ ياتلار ئىگە بولدى،
قىلىپ زورلۇق ئۇ تاغلارغا .

*

جەبىر ـ زۇلۇمدىن قۇتۇلماي، ئۆتمەكتە ئۆمۈرلەر تامام،
«يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس» يا يەتمىدى مېنىڭ چامام .
مىسلى كۆزنى تېڭىپ جۇۋازغا قوشقان سېرىق ئۇي،
تېپىلماس يەر يۈزىدە زۇلۇمغا بىزدەك چىلك چىدام .

*

ئورىلار كولىنىپ يول ئۈستىگە، ھەر يەرگە قۇرمىش دام،
لېكىن يول يۈرۈش ئىلمىدە كۆزىمىز ناھايەت خام .
قىلۇر ئاقنى قارا، كۆرسەك قىلۇر تۆھمەت يامان بەتنام،
ھەقىقەتتىن سۆز ئاچساق، بېرۇر بىزگە يامان دەشنام .

ئومۇمي ھالىمىزغا قايغۇرۇش، بىزلەردە ھاماقەتلىك،
ئالالىساق ئىككى ـ ئۈچ خوتۇن، دېگەيلەر خوپ شجائەتلىك .
يوغان سەللە، ئۇزۇن تونلار بىلەن بىزلەر دىيانەتلىك،
كۆرۈشكە زاھىرەن تەقۋا، كۆرۈنمەستە خىيانەتلىك .

*

بۈيۈك ھىممەت نىدا قىلدى: «كۆڭۈل دوستۇم نە بولدۇڭ؟» دەپ،
كۆڭۈل مەھزۇن جاۋاب بەردى: «جاھاندىن رۇغبىتىم قايتۇر» .
بۈيۈك ھىممەت دېدى: «ئەي ئابدۇخالىق كۆڭۈلگە ياخشى ئۈختۇرغىل،
مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكەي، باغلىسۇن بەل يەنە بىر داپقۇر!»

*

دەردى دەۋرانلار ئۇزۇن، ۋايدادا! ئۆمۈرلەر قىسقىمىش،
تەجربە كەم، ئېھتىياج جىق، ھەر ئىشى بىنۇسخىمىش .
ياخشىدىن كۆپرەك يامانغا نەپسى بىزنى قىستىمىش،
مېۋىسىز بولسا دەرەخ، ئاندا نە ئىش قىلسۇن يېمىش .

*

دىلىمدا يار ھىجرانىڭ، تىلىم زىكرىڭ بىلەن مەشغۇل،
سىنىڭدۇرمەن، سىنىڭدۇرمەن، ساڭا مەن كەمتەرىن بىر قۇل .
تىرىلدۇر خاھى ئۆلتۈرگىل، ماڭا لۇتفىڭ ئېرۇر ئەي گۇل،
مەھبۇبەڭگە مۇھەببەتتىن خەۋەرسىزلەر ئەمەس مەقبۇل .

*

توپىدا ياتسا گۆھەر،
بولماس باھاسىغا زىيان .
سۇ ئاقۇر ئاققان ئېرىقتىن،
سايىدا ھەم تاشقىن قىيان .

*

ۋايى يۇزمىڭ ۋايىكىم،
بەختىم نەدىن مۇنداق قارا .
قاغىلار قونمىش كۆڭۈل
باغىدا ھەر بىر شاخ ئارا .

*

غېرىبىڭ ھالى مۇزتەردۇر، نەزەر قىلغىل ئايا جانان،
سىنىڭدۇرمەن ئايا جانان، ساڭا باشىم بىلەن قۇربان،
شىپالىق يولنى كۆرسەت، قىلىپ دەردىم ئۈچۈن دەرمان،
ئۆلۈم ئالدىدا كۆز يۇمماي ئۆلەرمەن قالمىغاي ئارمان .

*

بۇ يول ئوتۇگدا ئۆرتەندىم، يۈرەك ـ باغرىم كاۋاپ بولدى،
سىنىڭ دەردىڭنى جىق تارتىپ، يىغانىم بىھېساب بولدى.
ئۈيغۇرا ۋەسلىڭگە يەت! دەپ ۋىجداندىن خىتاب بولدى،
تاقەتكە قالمىدى ۋاقىت، بۇ جان ئەمدى چىداپ بولدى.

*

بىر كۆيگىنىمگە يۈز مەررە ياندىم،
باشتىن ـ ئاياغ مەن قانغا بويالدىم،
يار نازى ئىلە ئەيلەر كەرەشمە،
رەسۋايىئالەم مەن خوپ ئۇيالدىم.

*

تىكەنلىك بويى يوق، ئۇنىگەن زىيانلىق ئۇشبۇ گۇللەردىن،
چىرايى بولمىسا ھەم مەنپەئەتلىك ئوتلار ئۇنىگەن خوپ.
جاھاندا يارى يولداشسىز كۈن ئۆتكۈزمەكمىغۇ مۇشكۇل،
ئىبىقلار بىرلە سۆھبەتتىن يۈرۈپ چۆللەردە ئۆلگەن خوپ.

*

ھەقىقەتنىڭ روھى قېچىپ كەتتى مېنىڭ دىيارىمدىن،
نە بولدى خۇش پۇراقى ھېچ كەتمىدى بۇ دىماغىمدىن.
ئىزدىدىم كۆپ، تاپمىدىم شەجەن ـ روجەن سەھراسىدىن،
ئىزدىبان تاپتىم ـ دە، ئالدىم لىبىنىنىڭ گۈلباغىدىن.

*

ئاھ، قاچان مەلۇم بولۇر، دەردىمنىڭ دەرمانسىزلىقى،
بولسىمۇ، دەردىم قىلىن، تىگىدە ئارمانسىزلىقى.
دەردىڭدە ئاقاردى باش، ئەي ۋاپاسىز باغرى تاش،
روھىمغا بولدى ئازاب، رەقىبىم ۋىجدانسىزلىقى.

*

تاكى ھەر تاڭدا مۇئەززىن ئەلفەلاخ[1] دەپ قىچقىرۇر،
ئاڭلىمايدۇرلەر بۇ ئۈننى بازار ئارا ئاھەنگىران[2]،
جان تىكىپ پۇل تاپ دېگەن ئىمامۇ ئەزەم ئىمىش،
قانچە يىل بولدى بۇرادەر ئەجەب چىداپتۇ بۇ چاپان!

*

ئوقۇماي سودىگەرلىك قىلغىنىڭ كۆپ مەنپەئەت قىلماس،
ئېلىپ بەشكە، سېتىپ ئونغا كامالاتىغا يەتكۈزدى.
باللارنى ئىبەردۇق دىن ئۈچۈن سەمەرقەندۇ بۇخاراغا،
بۇلارنىڭ ئەقلىنى ئاللا ھەۋزە ئىستىنجا[3]غا يەتكۈزدى.

*

ئەي قەمەر تەلئەت پەرى، پەيكەر جامالىڭدۇر قۇياش،
مەن نەزەر قىلدىم، گۈزەللەرگە پىدا بولسۇن بۇ باش.
ھەر گۈزەل بولماس چىرايلىق، ھەر چىرايلىق ھەم گۈزەل،
چىن گۈزەل بولغاي چىرايلىق سۈپىتى بولغاي گۈزەل.

*

ياخشىدىن ياخشى چىقۇر،
چىقار بوغۇن[4] دىن ھەم ھەسەل.
يېمىسەڭ يېمەيدىغان
يېمەكنى بولمايسەن كېسەل.

ئاھ، لېكىن زالىم تەبىئەتنىڭ
مىجەزىدۇر تەتۈر.
ئالدىسا خۇددى ھەسەل ـ
بولغاي زەھەر، تۇيماي كېتۇر.

*

چىقتى ياۋروپا دېگەن يەردە ئاجايىپ بىر سوقۇش[5]،
بۇ سوقۇشقا كىرمىگەن دۇنيادا پادىشاھ قالمىدى.
رۇسىيە ئاقچاسىمۇ[6] سەردىن[7] ئۇشۇق توختاپ ئىدى،
ئەمدى بۇ كۈنگە كېلىپ، داچەن[8]گە بىرنى ئالمىدى.

*

يۈرەككە ئوق تېگىپ ياتسام ئىدى ئاستاندە ھەي - ھەي،
مازارىم گۈل قۇچۇپ قالسا ئىدى بوستاندا ھەي - ھەي.
ۋەتەننىڭ دانە تۇپراقى گويا ئالتۇن، ھىدى زەپەر،
تەۋەررۇك نامىنى يازسام ئىدى داستاندا ھەي - ھەي.

---

① ئەلفەلاخ -- ئويغىنىش، ئازاد بولۇش.
② ئاھەنگىران -- تۆمۈرچى.
③ ئىستىنجا -- ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تەرەت ئېلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.
④ بوغۇن -- ھەسەل ھەرىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
⑤ سوقۇش -- بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
⑥ ئاقچا -- ئەينى زاماندىكى چار پادىشاھنىڭ پۇلى. بۇ پۇل «سوم» دېيىلەتتى. بىر سومغا شىنجاڭدا بەش سەر يەرلىك پۇل تېگىشىلەتتى. سودىگەرلەر بولۇپمۇ مەككىگە بارىدىغان ھاجىلار ۋە يىپەك يولىدا تۆگە بىلەن قاتنايدىغانلار رۇسىيە سومىنىڭ بىرىنى بىرنەچچە سەر يەرلىك پۇلغا سېتىۋالاتتى. مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن خەلقنى گېزىت - ژۇرنال ئوقۇشتىن مەھرۇم قىلغانلىقتىن، دۇنيا ۋەزىيىتىدىن بىخەۋەر قالغان سودىگەرلەر ئاق پادىشاھنىڭ غۇلاپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي، ئۇنىڭ سوملىرىنى ساقلاۋېرىپ، نەتىجىدە بازاردا ئۆتمەس بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆپ زىيان تارتقانىدى. شائىر بۇ يەردە شۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي دەپ، چار پادىشاھنىڭ غۇلىغانلىقىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
⑦ سەر -- شىنجاڭ بازىرىدىكى پۇل، بىر كويغا توغرا كېلىدۇ.
⑧ داچەن -- شىنجاڭ بازىرىدا ئەينى يىللاردا يۈز داچەنگە بىر سەر پۇل تېگىشىلەتتى.

# مۇرەببەلەر

ئاھ خىيالىڭدىن يېتىپتۇ جىق ماڭا ئاۋارىلىق،
ئىشق سەۋداسى ئىمىش بىر بىداۋا بىمارلىق .
يار ساڭا كۆيگەنسېرى كۆڭلۈمدە ئارتۇر يارىلىق،
ئاھ ماڭا يەتكۈزمىگەن دۇنيا ئىمىش غەددارلىق .

مەن ھەمىشە ئويلىغان ئويۇم سېنىڭ ھەققىڭدىدۇر،
ھەم يەنە قىلغان سۆزۈم دائىم سېنىڭ ۋەسلىڭدىدۇر،
بۇ كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقى يوق بولسىمۇ ۋەسلىڭدىدۇر،
ئۇيقۇ يوق تۈنلەر قالۇر، ئاجىز غېرىب بىمارلىق .

ئايرىلىپ سەندىن، شۇبۇ كۈنگە قەدەر يادىمدىسەن،
مىڭ خىيال قىلغان بىلەن دائىم مەگەر يادىمدىسەن،
بۇ قاراڭغۇ كېچىدە ئەي قەمەر، يادىمدىسەن،
كۆرگىلى مانى بولۇر ئاجىز غېرىب بىمارلىق .



# ئارزۇ ـ ئارمانىم مېنىڭ[1]

يار ۋەسلىگە يېتىشتۇر
ئارزۇ ـ ئارمانىم مېنىڭ .
بولغۇسى بىر كۈن نېسىپ
دەردىمگە دەرمانىم مېنىڭ .

نا ئۈمىد ئوغلان ئەمەسمەن
ملڭ جاپا چەكسەممۇ گەر ،
ھۆرلۈكىن تاپماق ۋەتەننىڭ
ئاھۇ ئەپغانىم مېنىڭ .

ئىستەكىڭ يورۇتقۇسى ،
ئۇيغۇر سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ .
غايىلىك مەقسەت ـ نىشان ،
شۇلدۇر شەرەپ ـ شانىم مېنىڭ .

ئابدۇخالىق بولما روھسىز
دەپ يۈرۈپ قىلدىم قەسەم .
كەتسىمۇ باش بۇ يولۇمدا ،
ئاقسىمۇ قانىم مېنىڭ .

1932 ـ يىل

① بۇ شېئىر 1930 ـ يىللاردىن بۇيان ئەزىز نىياز ئاكا ساقلاپ كەلگەن نۇسخىدىن ئېلىندى .

## لەنەت ساڭا زالىملار

تۈمەن لەنەت ساڭا خەلقتىن،
قان ئىچكۈچى ۋەھشىي زالىملار .
گۇناھسىز خەلقنى قىرغان
ۋە يىرتقۇچ ۋەھشىي زالىملار .

تىنچ ياتقان پېقىر - پۇقرا،
سەبىي مەسۇم ئوغۇل - قىزنى،
ئىچىپ قانىنى، ئاپەتلەر-
چاچقۇچى ۋەھشىي زالىملار .



# مۇزلىدى[1]

سوغ زىمىستان قەھرىتاندا يولدا داۋان مۇزلىدى[2]،
پوتلا چىرىك يولغا چىقتى، چىقتى بوران مۇزلىدى ،
قار - شىۋىرغان ئۇردى - سوقتى، بولدى سەرسان مۇزلىدى،
ليەنجاڭۇ يىڭجاڭى جىڭگوك[3] بولدى ۋەيران، مۇزلىدى ،
پاختىلىق تامبال ئىچىدە جايى پىنھان مۇزلىدى .

جىن شۇرىن غەزەپ بىلەن ھەربىيگە بۇيرۇق[4] قىپتىمىش ،
«تۇرپانلىق زىۋازىلار»[5] نى جادۇدا باس، دەپتىمىش
ئەللىك ھارۋا دادۇي - رىنما جادۇلەرنى[6] ئەپتىمىش ،
بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا بەش يۈز چىرىك كەپتىمىش،
ياۋغا قارشى سوغ كۈچەپ نەچچە چەندان مۇزلىدى .

موسۇل مۇھتى[7] ئاتلاپ بۇنى، ئۇرۇمچىدىن ماڭدى شۇئان،
چىقتى چىغ دەڭدىن [8] چىرىك سايئوپىدا[9]سوقتى بوران ،
كەلدى تۇرپانغا خەۋەر، چىرىك ئاشقۇنچە داۋان[10]،
رۇسلىنىپ «قارشى ئېلىش»[11] قا چىقتۇق ئالدىغا تامان،
تاڭ سەھەر يارغۇل ئارا بۇ ھەربىي پەرمان مۇزلىدى[12] .

تاقابىل تۇرۇشقا بىزدە نەيزە - ئورغاق تەييار ئىدى،
جاللاتلارنىڭ ئالدىدا بىزگە ھەقىقەت يار ئىدى ،
جان تىكىپ ئاتلاندى يۇرت، توسماق ئۇنى بىكار ئىدى،
«توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ» دېگەن قەدىم سۆز بار ئىدى[13] ،
ئالدىدۇق دۈشمەننى بىز، ئۇر - ئۇردا چاشقان مۇزلىدى .

بامدات بىرلە رەپىق[14] ھېسامىدىن [15] بولدى شېھىت،
«رەكەفا بىللا شېھىت»[16] دەپ رۇسۇلۇم ئاللاغا ئېيت،
ئەھلى تۇرپان ھازىدا، ئايرىلدى سەندىن ئىست،
ھەقىقەت قۇربانىسەن، ئاللا نېسىپ قىلسۇن بېھىش،
كۆڭگمۇ بولدى مۇسىبەت ـ تۇتۇلدى ئاسمان، مۇزلىدى.

ئاقارغان تاڭ سۈبھىگە چۈشتى قىزىل قان جىلۋىسى،
ئۈجۈقۈپ بولدى شۇ كەم پالەچ چېرىكنىڭ ھەممىسى،
پاك ـ پاكىز چۈشتى قولغا ئوق ۋە مىلتىق جەمئىيسى،
قالدى جان قايغۇسىدا لويى ـ ئامبال، تۇڭچىسى،
مىسلى كەچ كۆزدە چۈشىندەك ھالى پەرىشان، مۇزلىدى.

1933 ـ يىل 2 ـ ئاي

① بۇ شېئىر 1933 ـ يىل 1 ـ ئايلاردىكى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن شۇ يىلى 2 ـ ئايلاردا يېزىلغان. ② داۋانچىڭنىڭ داۋىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ③ جىڭگوك —— ئەپيۇنكەش. ④ جىن شۇرېننىڭ 1933 ـ يىل 1 ـ ئايدا بەش يۈز چېرىكتىن تەركىب تاپقان «چاڭشېڭبېك ( داۋاملىق غالىب كەلگۈچى باتالىيون )»نى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىش توغرىسىدا چۈشۈرگەن بۇيرۇقى. ⑤ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ⑥ ئەللىك تارانچى ھارۋىسى بىلەن يولغا چىققان بەش يۈز چېرىكتىن تەركىب تاپقان قوشۇن. ⑦ موسۇل مۇھىتى —— تۇرپان ئاستانىلىك سودىگەر. ⑧ چىغ ـ دەك —— ھازىرقى ئۈرۈمچى ـ تۇرپان تاشيولىدىكى پارچە ساقال توختالغۇسى. ⑨ سايئوپۇ —— ھازىرقى تۇزلۇق كۆل ( يەنخۇ )، ئۈرۈمچى ـ تۇرپان تاشيولىدا. ⑩ داۋان —— داۋانچىڭ داۋىنى، دۈشمەن قوشۇنى داۋانچىڭدىن ئاشقۇچە خەۋىرى تۇرپانغا يېتىپ كەلگەن. ⑪ تۇرپان شەھرىگە كىرىدىغان جايدا خىزمەتتىن ئالماشتۇرۇلغان ۋە يېڭىدىن تەيىنلىنىپ كەلگەنلەرنى ئۇزىتىپ قويىدىغان ۋە كۈتۈۋالىدىغان بىر مۇراسىم سۇپىسى بولۇپ، بۇ يەر «چاجاڭبى» دەپ ئاتالغان. قوزغىلاڭچىلار مۇشۇ يەردە ئۇستىلىق بىلەن «قارشى ئېلىش» تاكتىكىسىنى ئىشلىتىپ، دۈشمەننىڭ «ئالدىغا چىققان». ⑫ بۇ مىسرادا جىن شۇرېن ئەۋەتكەن قوشۇننىڭ قوزغىلاڭچىلار مۇھاسىرىسىگە كىرىپ قالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ⑬ «قارشى ئېلىش» تاكتىكىسى ئىشلەتكەن قوزغىلاڭچىلار «چاجاڭ» مەھەللىسىدە ئەللىك يەرگە گۈلخان يېقىپ، جىن شۇرېن قوشۇنلىرىنى كۆرۈنۈشتە كۈتۈۋالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، سوغۇقتا توڭلاپ كەتكەن چېرىكلەر گۈلخاندا ئوتىسىنىشقا باشلىغاندا، بىر پاي ئوق چىقارمايلا ھەممىسىنى پاك ـ پاكىز يوقاتقان. ⑭ رەپىق —— (ئەرەبچە) دوست. ⑮ قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ھېسامىدىن زىيەر. ⑯ «رەكەفابىللا شېھىت» —— (ئەرەبچە) «ھەي مۇھەممەت پەيغەمبەر، سەن خۇدانىڭ ئالدىدا مەرھۇمنى شېھىتتۇر دەپ كېپىل بولغىن» دېگەن مەنىدە.

# قىزىدى

يىلدىكىدىنمۇ ھاۋا ئىسسىقتا تۇرپان قىزىدى،
ئوت بولۇپ ۋاللاھۇ ئالەم نەچچە چەندان قىزىدى.
دەل ـ دەرەخ تاشلىدى ياپراق، كەتتى بوستان سارغىيىپ،
ئوت ئىچىدە ھۆپ ئۇرۇپ يۈسۈپ يىفاك[1] قىزىدى.
پوتلا چىرىك، ماڭغا يايىلارنىڭ ھېسابىن قىلمىدۇق،
تۇڭلىگۇ[2] تەنجاڭ[3] ۋە يىگجاڭ[4]، نەچچە لىيەنجاڭ[5] قىزىدى.
تۇڭچىلاردىن[6] ھامۇتئاخۇن[7] تولا ئۆيدىن چىقمىدى،
مەمتىلى[8] مەغرۇرى نەپسى لوچىڭدا[9] سەرسان قىزىدى.
دايىسى مادايىنىڭ[10] ئىسسىققا خېلى تاۋى بار،
مەيدىسى ئاجىز كېلىپ يىسە جۇافەن[11] قىزىدى.
قانچە سوغلۇق قىلسىمۇ مۇزدەك پاراڭدىن گەپ ئىچىپ،
يەلپۈگۈچ تۇتقان غادايغان ياردا بۇرھان[12] قىزىدى.
يۈسۈپ ئاشپەز چۇ داخەننىڭ[13] كىينزەكىگە يۈقۇپ،
ئارقىدىن تاڭگودا خوپ تۇزلۇق پالاخمان قىزىدى.
سالسىمۇ مۇزدەك پاراڭ ھاجى نىياز سەيپۇڭ[14] كىرىپ،
سودىگەر مېھمانىمىز سىدىق ئوسمان[15] قىزىدى.
خۇددى ياغ ئالغان قاپاقتەك سوگو سۇۋازىنىڭ[16] بېشى،
تەرلىدى، سۇ بولدى چىپ ـ چىپ، تېنەتتى مېھمان، قىزىدى.
مەنىسىزدۇر بۇ قىزىشلار، قىلچىمۇ نەتىجىسىز،
ئۇيغۇرا، بازغانىنى ئال ـ تۆمۈرمۇ چاپسان قىزىدى.

---

① يۈسۈپ يىفاك — تۇرپان بېگىشەھەرلىك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن زامانداش ئادەم بو-
لۇپ، ئەينى چاغدا بېگىشەھەردە كۆنچىلىك دۇكىنى ئاچقان. «يىفاك» — تېرىچىلىك دۇكىنى بو-

لۇپ، يۇسۇپ تېرىچىلىك قىلغاچقا، دۇكىنىنىڭ نامى لەقەم بولۇپ سىڭىپ، «يۇسۇپ پىفاڭ » دەپ ئا-
تالغان. ئۇ يەنە ئەينى مەزگىلدە پۈتۈن تۇرپانغا تونۇلغان چاقچاقچى ئىدى. ② ③④⑤ خەنزۇچە
ھەربىي ئەمەل ناملىرى بولۇپ، باش قوماندان، پولك كوماندىرى، باتالىيون كوماندىرى، روتا كوماند-
ىرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى چاغدا تۇرپاندىكى چېرىكلەر تۇرپان كونىشەھەردىكى سېپىل ئىچىدە
تۇراتتى. سېپىل ئىچىدە بىرەر تۈپ دەرەخمۇ ياكى سۇمۇ يوق ئىدى. بۇ ھەربىي ئەمەلدار، چېرىكلەر-
نىڭ تولىسى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئېلىپ كېلىنگەنلەر بولۇپ، تۇرپاننىڭ ئىسسىق ھاۋاسىغا كۆنەل-
مىگەچكە ھالى بەكمۇ خاراب ئىدى. شائىر بۇ مىسرالاردا شۇلارنىڭ بىچارە قىياپىتىنى مەسخىرە قىل-
غان. ⑥ تۇڭچى —— تەرجىمان، تىلماچ. ⑦ ھامۇت تۇڭچى —— تۇرپانلىق كىشى. شۇ چاغدا تۇرپان
ناھىيە ئامبىلىغا تەرجىمان بولغان. بۇ ئادەممۇ ئائىلىسى بىلەن ناھىيە مەھكىمىسىدە ئولتۇراتتى. ئۇ ئىس-
سىققا چىدامسىز ئادەم بولۇپ، ھاۋا ئىسسىپ كەتكەن چاغلاردا كۈن بويى گەمىدىن سىرتقا چىقمايتتى.
⑧ مەمتىلى (تۇڭچى) —— تۇرپانلىق كىشى. شۇ چاغدا تۇرپان ناھىيە ئامبىلىغا باش تەرجىمان بولغان.
بۇ ئادەم تۇرپان يېڭىشەھەردە ئولتۇراتتى. ئۇ «مەنسىپى» گە تايىنىپ، تۇرپان خەلقىنى كۆپلەپ قاقتى
- سوقتى قىلىپ نۇرغۇن پارا يېگەن، پارا يەپ تاپقان بايلىقىنىڭ بەدىلىگە مەككىگە بېرىپ «ھاجى»
بولغان. ئۇ پارا يېيىش كويىدا ھەمىشە ئىسسىق - سوغۇققا پەرۋا قىلماستىن، ناھىيە مەھكىمىسى ئەترا-
پىدا چۆرگىلەپ يۈرەتتى ھەم پارا يېگەنلىكىدىن مەغرۇرلىناتتى. شائىر بۇ ئادەم بىلەنمۇ زاماندىش بول-
غاچقا، بەزى سورۇنلاردا بىرگە بولۇپ قالغاندا «ئەگەر نەپسىنىڭ سۈرىتىنى سىزىش توغرا كەلسە، مۇ-
شۇ مەمتىلى تۇڭچىنىڭ سۈرىتىنى سىزسا كۇپايە» دەپ، ئۇنىڭ ئاچ كۆز خۇسۇسىيىتىنى رەھىمسىز-
لىك بىلەن ئېچىپ تاشلايتتى. ⑨ لوچىلىك —— تۇرپان كونىشەھەر. ⑩ مادايى (ما فامىلىلىك دايى) ——
ئەينى چاغدىكى تۇرپان يامۇلىدىكى يايىلارنىڭ باشلىقى. بۇ ئادەمنىڭ ئاشقازان كېسىلى بولۇپ، پولۇ
يېسىلا مەيدىسى ئاغرىيدىكەن. شائىر بۇ يەردە يامۇلنىڭ دايىسىنى مەسخىرە قىلىدۇ. ⑪ جۇافەن —— پو-
لۇ. ⑫ بۇرھان —— تۇرپاننىڭ يار يېزىسىدىن. ئۆزى سەنئەتخۇمار ئادەم ھەم خەلق قوشاقچىسى. ئەينى
چاغلاردا تۇرپاندا بۇ ئادەمگە «بۇرھان سوغۇق» دەپ لەقەم سىڭگەن. بۇ ئادەم باش باھاردىن تاكى كەچ
كۈز گىچە قولىدىن يەلپۈگۈچ چۈشمەيدىغان، غادىيىپ ماڭىدىغان، مەغرۇر، كېلىشكەن، قويۇق بۇرۇت-
لۇق، قاۋۇل بىر ئادەم ئىدى. بۇ مىسرالاردا شائىر شۇ ھەزىلچىنىڭ سوغۇق چاقچاقلىرىمۇ تۇرپاننىڭ شۇ
يىلدىكى پەۋقۇلئاددە ئىسسىق ھاۋاسىغا «كار قىلمىغان» لىقىنى، ھەتتا سوغۇق گەپلەرنى تىنماي قىلىدىغان
ئادەم (بۇرھان) نىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئىسسىقتا قىزىپ كەتكەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. ⑬ چۇ داخەن —— ئەينى
چاغلاردا تۇرپانغا ئامبال بولغان كىشى. بۇ مىسرانىڭ مەزمۇنى مۇنداق: يۇسۇپ چۇ داخەننىڭ خۇسۇسىي
ئاشپىزى ئىكەن. چۇ داخەننىڭ چىرايلىق خەنزۇ قىزلاردىن ئالتە - يەتتە نەپەر كېنىزىكى بولۇپ، ئۇلار
ئامبالغا ئاش - تاماق، چاي تۇشۇغىلى ئاشخانىغا كىرىدىكەن. ئاشپەز يۈر سەت تاپسىلا شۇ كېنىزەكلەر بى-
لەن ھەزىل - چاقچاقلارنى قىلىشىدىكەن. بىر قېتىم ئاشپەز بىلەن كېنىزەكلەر چاقچاققا بەند بولۇپ قې-
لىپ، قازاندىكى قورۇمىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنىكەن. قورۇمىنى ئىككىنچى رەت تەييارلىغۇچە بىر مۇنچە ۋاقىت
كەتكەن. بۇنىڭدىن ئامبال ئاچچىقلىنىپ يۇسۇپ ئاشپەزگە دەشنەم بەرگەنىكەن. ⑭ ھاجى نىياز
سەيپۇڭ —— كىيىم تىككۈچى بولۇپ، ئۇمۇ تۇرپاننىڭ لەتىپىچىلىرىنىڭ بىرى. ⑮ سىدىق ئوسمان ——
شۇ چاغلاردا جەنۇبىي شىنجاڭدىن سودىگەرلىك كەسپى بىلەن تۇرپانغا كېلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان
تەقۋادار، دىيانەتلىك، مىجەزى ئېغىر - بېسىق سودىگەر بولۇپ، ھاجى نىياز بىلەن تونۇشلۇقى بار ئىكەن.
ھاجى نىياز كۆپ ھاللاردا بۇ ئادەمگە ھەزىل - چاقچاقلارنى قىلىپ ئۇنى خاپا قىلىدىكەن. ⑯ سوگو
سۇۋازا —— سۇۋازا ئاشپەز (خۇيزۇ). بۇ ئادەم تۇرپان يېڭىشەھەر بۇتخانا ئالدىدىكى خۇيزۇ ئاشپۇ-
زۇلنىڭ قورۇما قورۇغۇچىسى بولۇپ، تاقىرباش ئىدى. بۇ ئاشپۇزۇل ئەينى چاغدا تۇرپان بويىچە
مەشھۇر ئىدى. شائىر بۇ يەردە تۇرپاننىڭ شۇ يىلدىكى پەۋقۇلئاددە ئىسسىپ كەتكەن ياز كۈنلىرى-
دە، پىژغىرىم ئاپتاپتا، ئوتنىڭ تەپتىدە، ئۇنىڭ ئۇستىگە، خېرىدارلار ئاشپۇزۇلغا كۆپلەپ كېلى-
شىۋاتقان جىددىي شارائىتتا مەشغۇلات قىلىۋاتقان ئاشپەزنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

# ئىچ پۇشۇش[1]

(بەنپاگزىدا [2])

كۆزۈم يۇمسام بىلەلمەيمەن، ئۆزۈم ئۇخلاقمۇ، ئويغاقمۇ؟
كۆزۈم ھەم ئىلغىيالماس ئۇ قارامۇ ياكى بۇ ئاقمۇ؟
قوپۇرمەن، ئولتۇرۇرمەن، ئۆز - ئۆزۈمنى ھېچ بىلەلمەسمەن،
بېسىپ تۇرغان يېرىم ھازىر سىلىق - غىلتاڭمۇ، تايغاقمۇ؟
سۆزى قاتتىق، كۆزى قىيپاش، بۇ كەلگەن دارىن - ئامبالنىڭ،
غەزەپلىك كۆزلىرى بىزدە، مەقسىتى بىزنى چاپماقمۇ؟
گۇناھسىز بىز، ئەيىبسىز بىز، بۇ شۇملار[3] ئالدىدا قىلچە،
ۋە ياكى بىز ئۇنۇپ چىققان ئورۇپ تاشلاشقا چاققاقمۇ؟
جاھان تارىخىدا مەشھۇر ئاتالغان نامىمىز ئۇيغۇر،
قىلشمايمىز بۇ شۇملاردىن، ئەمەسمىز ياكى ئاقساقمۇ.
بۇلار قىلماقتا بىزلەرگە تۈمەن تۈرلۈك ھاقارەتلەر،
بىلەلمەيمەن بۇ سۆزلەرنى، قىلىنغان بىزگە چاقچاقمۇ؟
ئاتايدۇ بىزنى چيەنتۇ دەپ، قوشۇپ ھايۋان بىلەن بىر سەپ،
چىداشقا زەررە تاقەت يوق، ھاياتلىق بىزگە شۇنداقمۇ؟
شۇڭا ئالدۇق تاياق - توقماق ۋە ھەم پالتا، قارا مىلتىق[4] ،
باشلىدۇق بىز ئۇلۇغ جەڭنى قارا تاغلارنى ئاتلاپمۇ ...
خەۋەر تاپتىم بۇ ئەھۋالدىن، قۇمۇلدىن پارتلىغان بۇ جەڭ،
خۇشاللىقتىن تۇرۇپ كەتتىم، ئورۇن - كۆرپەمنى تاشلاپمۇ؟
داۋاملاشتى بۇ جەڭ دەھشەت، چۆچۈتۈپ ھۆكۈمرانلارنى
(زۇلۇمدىن تارتمىغان قولنى، گۇناھسىز ئەلنى باغلاپمۇ) .
ئىشتىراك قىلدىم سەپەرگە، ئۆزۈمنى دەگسمەي دوستلار،
ئۇزۇق كەمچىل، ئۇزۇن يولغا، بۇ يول ئوي - دۆڭمۇ، پاتقاقمۇ؟

بۇ دۈشمەن چامدىدى ئالغا، چېكىندۈق ئاز، بۇ دۈشمەندىن،
لېكىن، غايەت ئېغىر ئەھۋال، ئاسارەتتىن قۇتۇلساقمۇ.
ياۋاشنىڭ دۈشمىنى كۆپتۇر، ياۋاشلىق بىر بىلمىسزلىك،
بىلمىسزلىك جاھالەتتە ياشاش مۇمكىنمۇ قانداقمۇ.
چۈۋۈلدى ساپ زېھىن، تارقاپ پىكىر، باشنى خىيال باستى،
بۇ ئىش ماقۇلمۇ يا ئۇ ئىش ۋە ياكى جىملا تۇرماقمۇ؟
يۈرەكتە بارمۇ يا بىر دەرد، نېمشقا سالدۇ تىترەپ،
كۆيۈك دەردىمۇ، قۇللۇقمۇ ۋە يا تېگىدە قورقاقمۇ؟
يىراقتا پارقىرار يۇلتۇز، ئەجەب ئايمۇ ۋە يا چولپان،
كېچەمۇ ياكى كۈندۈزمۇ ۋە ياكى ئىچ پۇشار چاغمۇ؟
تىلىم ھەم ئىلغيالماس تاتلىق بىلەن ئاچچىق ئاراسىنى،
چۈچۈكمۇ بۇ ئىچىملىك ياكى شورمۇ ۋە ياكى قىرتاقمۇ؟
بولالماي ئاھۇ تارتىپ، ئەيلىدىم پەريادى ۋاۋەيلا،
ئىغىزدىن كۆككە چىققاي ئوت، بۇ ئىش دەردىمگە ئايغاقمۇ؟
ئۆزۈن تۇن قاپقاراڭغۇ، بارچە زىجان ئىستىراھەتتە،
بىلەلمەيمەن نە بولدۇم، ئاغرىدىممۇ ياكى مەن ساقمۇ؟
قويۇپ ماڭماقچى بولسام يۈرەلمەيمەن نە ھادىس بۇ،
بېسىپ تۇرغان يېرىم ياكى خەتەرلىك پەستۇ قىرغاقمۇ؟
قېنى، مۇڭداشقىلى يارەي مۇۋاپىق، بارمۇ بۇ دەمدە،
ۋە يا مىسكىن پېقىر ئۇيغۇر ئاسارەتتە ئۆزى تاقمۇ !؟ ...

1933 ـ يىل 3 ـ ئاي، تۇرپان

① بۇ ماۋزۇدىكى شېئىر يېڭىدىن تېپىلغان قولىيازمىلار ئاساسىدا تولۇقلاندى .
② بەنپاڭزا — تۇرمە كامېرى .
③ شۇملار — شۇ زاماندىكى چوڭ ـ كىچىك ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
④ قارا مىلتىق — دورا، پاختا، ئوقنى ئاغزىدىن سۇمبە بىلەن چىڭداپ ئاتىدىغان بىر ئاتار يەرلىك مىلتىق .

## بۇ كېچە[1]

(مۇخەممەس)

بولمىسا يارىم قەدەھ شۇ پىيالە بۇ كېچە،
قالمىسۇن ھەسرەت ـ نادامەت يەتتى نالە بۇ كېچە .
ئۇشبۇ موھتاجى تاماشا قىل شەلالە بۇ كېچە،
نۇرنى مات ئەيلىگەن كور كۆزى شەھلا بۇ كېچە،
ئىشقىمىز ـ ئىبرپانىمىز ساغلام تاماشا بۇ كېچە .

سىزگە بەردۇق ئىشقىمىزنى ھەرنەزەردە بىمالال،
بۇ كېچە دەردلەرگە دەرمان بولغۇسى سۆيگۈ مالال،
ئىلتىپات يوق بەڭگى بولغانلارغا قالدى سوئاڭ سوئال،
سۆيگۈ مەيدانىغا نىسبەت بولمىغاي ھېچ قاچ ماھال،
ھەر ئۆمۈر بىزلەرگە پۇرسەت بەردى مەۋلا بۇ كېچە .

سۆيگۈ ئەھلى سۆيگۈنىڭ قەدرىنى بىلمەك بىرلە بار،
بىلمىگەنلەر قالدى چۆلدە، قالدى دەردتە ئاھ ـ زار،
كۆرگەنىڭگە، بىلگەنىڭگە قىلمىساڭ كۆپ ئىپتىخار،
يار ئەمەسمەن، يار دېمەك، قىلماققا ياد قىلسا ئۇيار،
ئىبتقىلى تارىخنى مەن، قىلدىم ئاۋارە بۇ كېچە .

بىزنى خوپ ياد ئەيلىگەن «يارىم» دېگەن ئاۋازىمىز،
باغ ئارا ـ گۈلشەن ئارا جەۋلان قىلۇر پەرۋازىمىز،
سايرىغان بۇلبۇل كەبى ھەربىر مۇقامغا سازىمىز،

كۆڭلىمىز تەختىدە جايىڭ ھۆرلىقا شاھزادىمىز،
مۈلكى ئىقبال ھەر مۇھەببەت ھەمدە ئەھلى بۇ كېچە.

كەل مېنىڭ دۆلەت قۇشۇم، قون، تەخت سۇلتانىم مەگەر،
داغ ئەلەمدە قالمىسۇن، كۆڭلۈمدە شەيتانىم مەگەر،
ئىككى ئالەم خۇش بولاي مۆمىن سەن، جانىم مەگەر،
يوق، كى ھېچ جان قىممەتى سەندە ۋۇجۇد جانىم مەگەر،
بىر پەرىشتە ۋەسپىدە كۆڭلۈمنى ئوينا بۇ كېچە.

زالىمغا سۆيگۈسىنى بەرگەن ئۇل بىچارەلىك،
كۈللى داستانى مۇھەببەت تەسۋىرى ئاۋارەلىك،
ئىشق سەۋدا شەمئىدە كۆيمەككە يار پەرۋانەلىك،
تارىخىي زۇلمەت ئىكەن، بىلمەسكە يار شەيدانەلىك،
رەھمە قىل، يانىمغا كەل، كۆڭلۈمنى ئوۋلا بۇ كېچە.

سەن گۈزەلسەن، سەنكى ئەفشا ئەتكىلى چىندىن نىيەت،
قارىشىڭ «يا» ئوقدۇر، سۆيگۈگە كەلگەن زۆرۈرىيەت،
خاكسارىڭ مەن، زۇلۇمدۇر مەن ئۈچۈن مەھرۇمىيەت،
شۇ كۆڭۈلنى ئوۋلىماقا بولمىسا بىر جىددىيەت،
ئەزبىرايى، گۈلستان دەشتىگە پالە[2] بۇ كېچە.

سەن ھالال بىرلە ھارامنىڭ پەرقىنى بىلمەي تۇرۇپ،
قىلمىغىل مەرد، سۆيگۈنى ئۆزۈڭچە ئەنداز كەلتۈرۈپ،
قانچىلار كەتتى بەقاگە ئىشقىي سەۋدا تۆكتۈرۈپ،
ئاشقىي بىچارىلىكنىڭ ھۆكمىنى بىلمەي تۇرۇپ،
سۆيگۈنى كۆڭۈلگە قوشماققا ھاۋالە بۇ كېچە.

ئۇشبۇ پۇرسەتنى قاچۇرساڭ سەن جۇۋاينىمەك دېمەك،
سۆيگۈنىڭ قەدرىنى بىلمەس بىداۋا، بەزگەك دېمەك،
بىر كۆتەكتەك ئوت ئىچىدە ھوشى يوق ھىڭگەك دېمەك،

تاشلىغان ئۇجماقنى مەلئۇن، دوزىخىي كۆيمەك دېمەك،
بولمىسا ئەقلىڭ، بولۇپ كەلگىل كى لەيلا بۇ كېچە .

بىزنى كۆرمەك بىرلە باغنىڭ گۈللىرىدىن ساز چىقار،
ئون ئۈچىنچى سۆيگۈ مۇقامى دېگەن ئاۋاز چىقار،
جىلۋىلىك، خۇشلۇق سىرى مۇندا كۆپ دىلباز چىقار،
بولمىسا ھېچبىر نامايىش ئەتكىلى بىر ناز چىقار،
كۆن ۋە ئاي بولغاي خىجالەت كۆزى شەھلا بۇ كېچە .

بىز بۇ ئاخشاملارنى ئاخشاملارغا قوشماق بىرلە خۇش،
تەشرىخەتلىك بەزم ئارا بولغاي چىراغ قىلغاي بىھوش .
ئۇشبۇ سائەتلەر غەنىيمەت، كەل قوشۇل ئابات نە ئۇش،
مۇندا بار مەردانىلىك، يوق مەرد يالغاندىن تاۋۇش،
مەن ئايان قىلدىم ساڭا، قىل زەۋقى چۆلە بۇ كېچە .

ئۇيغۇر، يار لۇتفىنى كۆرمەكنى بىلمە ئىماندىن يىراق،
كۆڭۈل باغى مەگەر... بولما قۇرباندىن يىراق،
نىگە بولسۇن سائادەت قەدرى ھېكمەت جاندىن يىراق،
جان سېنىڭدۇر، قىلما يارەب بىزنى جاناندىن يىراق،
جۇملە ئاساسىي يوقالغان مەجلىس ۋاللا بۇ كېچە .

---

① بۇ شېئىرنى شائىرنىڭ سىڭلىسى خەلچىخان ئايلا(ھەدە) 1986 ـ يىلى ھەجگە بارغاندا، باھاۋىدىن ھاجى ئارقىلىق بىر كونا ژۇرنالدىن كۆچۈرۈۋالغان. مەزكۇر ژۇرنال خېلى بۇرۇن تەيـۋەندە ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇ ژۇرنالدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بىر تۈركۈم شېـئىرلىرى ئېلان قىلىنغانىكەن. بىز بۇ شېئىرلاردىن بىرىنى ، يەنى «بۇ كېچە»نى نەشرگە تەييارلىـدۇق . (نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن) .

② پالە –– پال سېلىش دېگەن مەنىدە .

# ئۆلۈم ئالدىدىكى خىتاب[①]

بىزگە بار ھەرقاچان ئۆلۈم يا كۆرۈم،
ئۆلۈمدىن قورققان ئۆزى بىر لۆم ـ لۆم .
كۆتۈرگىن باشىڭنى،
تىك تۇت قەددىڭنى،
جەڭ قىلىپ ئۆلسەممەن ئېچىلغاي گۈلۈم! ...



① بۇ شېئىرنى 1933 ـ يىل 13 ـ مارت كۈنى شائىر نەزەربەند قىلىنىپ، كوچىدا سازايى قىلىنغاندا قەتل قىلىنىشتىن سەل ئىلگىرى غەزەپ بىلەن ئوقۇغان. تۇرپان يېڭىشەھەردىكى ساتىراشخانىدا ئىشىك يوچۇقىدىن كۆرۈپ تۇرغان ئابلەت قارىي ئۆز خاتىرىسىدە ساقلىغان .

# ئاچىل


ئاپتورى : ئابدۇخالىق ئۇيغۇر
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار : ماخمۇت زەيدى ، ماخمۇت ئەكبەر ،
ئىسمائىل تۆمۈرى ، يالقۇن روزى
مەسئۇل مۇھەررىرى : بارىجان زەپەر
مەسئۇل كوررېكتورى : گۈلشەھەر نىغمەت
تەكلىپلىك كوررېكتورى : ئايگۈل ياسىن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى : شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون : 0991—2827472
پوچتا نومۇرى : 830001
باسقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى : شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 3.875
قىستۇرما بېتى : 4
نەشرى : 2008 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى : 2009 .ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 5001—8000
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—228—11689—8
باھاسى : 12.00 يۈەن

[General Information]
书名=绽开吧　维吾尔文
SS号=40232597